## ماركس

# ياللانما ئەمگەك ۋە كاپتال

مللەتلەر نەشرياتى

پۈتۈن دۇنيا پرولېتارلىرى، بىرلىشىڭلار!

ماركس

# ياللانما ئەمگەك ۋە كاپتال

مللەتلەر نەشرياتى

# مۇندەرىجە


ف.ئېنگېلسنىڭ مۇقەددىمىسى ........................ 1
ياللانما ئەمگەك ۋە كاپىتال ........................ 19
1 ........................ 21
2 ........................ 34
3 ........................ 46
4 ........................ 56
5 ........................ 69
قوشۇمچە ئىش ھەققى........................ 86
[A] ........................ 86
[B] قوشۇمچە ........................ 87
I ئاتكىنسون ........................ 87
II كارلىل ........................ 88
III مېكۇللوخ ........................ 89
IV جون ۋادې ........................ 89
V بابباگى ........................ 93
VI ئاندرۇ ئۇرې ........................ 93
VII روسسى ........................ 94
[VIII] چېربۇلېز ........................ 94
[IX] برايت. ئامانەت بانكىسى ........................ 96
[C] ........................ 96

I ئشلەپچقرش كۈچلرنىڭ ئۆسۈشى ئش ھەققغە قانداق تەسر كورستدۇ؟........... 96
II ئشچى بلەن كارخانا ئگىسى ئوتتۇرسدىكى رقابەت .................................. 99
III ئشچلارنىڭ ئۆزئارا رقابتى..................... 101
IV ئش ھەققدىكى داۋالغۇش..................... 101
V ئەڭ توۋەن ئش ھەققى..................... 103
VI تۆرمۆش ئەھۋالنى ياخشلاش تەكلۆى ......... 106
VII ئشچلار برلەشمىلرى ..................... 126
VIII ياللانما ئەمگەكنىڭ ئجابى تەرپى .............. 129
ئزاھلار ........................................................ 132

# ف. ئېنگېلسنىڭ مۇقەددىمىسى[1]

بۇ ئەسەر تۇنجى قېتىم 1849 ـ يىلى دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىن باشلاپ «يېڭى رېين گېزىتى»دە باشماقالا شەكلىدە ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىنغان ئىدى. بۇ ئەسەرگە **ماركسنىڭ** 1847 ـ يىلى برىيۇسسېلدىكى گېرمانىيە ئىشچىلار جەمئـ يىتىدە[2] سۆزلىگەن بىرنەچچە قېتىملىق لېكسىيىسى ئاساس بولدى. بۇ ئەسەر گېزىتتە بېسىلىپ بولمىغان؛ گەرچە گېزىتنىڭ 269 ـ سانىدىكى ماقالىنىڭ ئاخىرىسىغا "داۋامى بار" دېگەن سۆز بېسىلغان بولسىمۇ، لېكىن شۇ ۋاقىتلاردا پارتىلىغان ۋەقەلەر ــ روسىيىلىكلەرنىڭ ۋېنگرىيىگە بېسىپ كىرىشى، درېزدېن ئىزېرلون، ئېلبېرفېلد، پفالتسى ۋە بادېن قاتارلىق جايلاردا قوزغىلاڭ كۆتـ رىلىشى[3] ــ تۇپەيلىدىن گېزىتنىڭ ئۆزىمۇ پېچەتلىنىپ (1849 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى)، بۇ ۋەدە ئورۇنلانمىغان. بۇ ئەسەر ـ نىڭ داۋامى ماركستىن قالغان قول يازمىلار ئىچىدىن زادىلا تېپىلمىدى.

«ياللانما ئەمگەك ۋە كاپىتال» كىتابچە تەرىقىسىدە بىرقانچە قېتىم نەشر قىلىندى، ئاخىرقى قېتىم 1884 ـ يىلى گىتتىنگېن ـ سيۇرىختا "شۋېيتسارىيە كىتابچىلىق ئىدارىسى" تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. ئىلگىرى تارقىتىلغان نۇسخىلىرىنىڭ ھەممىسى ئەڭ دەسلەپكى تېكىستى بويىچە ئەينەن بېسىلغان ئىدى. لېكىن،

هازىر بېسىلىدىغان بۇ يېڭى نەشرى تەشۋىقات خاراكتېردىكى كىتاپچە بولغاچقا ۋە كەم دېگەندە 10 مىڭ نۇسخا بېسىلىشى لازىم بولغاچقا، مېنىڭ ئالدىمدا: مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇنى ھېچقانداق تۈزىتىش كىرگۈزمەي قايتىدىن نەشر قىلىشقا ماركس ئۆزى قوشۇلارمىدى؟ دېگەن سوئال تۇغۇلۇپ قالدى.

40 - يىللاردا، ماركس ئۆزىنىڭ سىياسى ئىقتىسات پىرىنسىپلىرى دائىر ئىشىنى تېخى تۈگەتمىگەن ئىدى. بۇ ئىش پەقەت 50 - يىل-لارنىڭ ئاخىرىدىلا تاماملاندى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ «سىياسى ئىقتىسات پىرىنسىپىغە دائىر» دېگەن كىتاۋىنىڭ 1 - قىسمى نەشر قىلىنىشتىن (1859 - يىلى) ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرىنىڭ ئايرىم جايلىرىدىكى نۇقتىنەزەرلەر ئۇنىڭ 1859 - يىلدىن كېيىن يېزىلغان ئەسەرلىرىدىكى نۇقتىنەزەرلەرگە ئوخشىمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئەسەرلەردە، ئۇنىڭ كېيىنرەك يېزىلغان ئەسەرلىرىدىن قارىغاندا، مۇۋاپىق بولمىغان، ھەتتا توغرا بولمىغان بەزى ئىبارىلەر ۋە پۈتۈن جۈملىلەر بار. ئەلۋەتتە، ئومۇمەن كىتاپخانلارنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن چىقىرىلغان ئاددى نەشرىدە ئاپتورنىڭ مۇشۇنداق خېلى دەسلەپكى مەزگىللەردىكى نۇقتىنەزەرلىرى، يەنى ئۇنىڭ ئىدىيىسىنىڭ تەرەققىياتىدىكى بىرەر باسقۇچقا ۋەكىللىك قىلىدىغان نۇقتىنەزەرلىرىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى لازىم، شۇنداقلا ئاپتورمۇ، كىتاپخانلارمۇ دەسلەپكى مەزگىللەردە يېزىلغان ئەشۇنداق ئەسەر-لەرنىڭ ھېچقانداق تۈزىتىش كىرگۈزۈلمىگەن ھالدا قايتىدىن نەشر قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىشقا شۈبھىسىز ھەقلىق. بۇنداق نەشرى بېسىلغاندا، بۇ ئەسەرلەرنىڭ بىرەر سوزىنى بولسىمۇ ئۆزگەرتىش مېنىڭ خىيالىمغىمۇ كەلمىگەن بولاتتى.

لېكىن، يېقىندىن بېرى تارقىتىلىدىغان نەشرى ئىشچىلار ئارىسىدا تەشۋىقات خىزمىتى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈنلا بېغىشلانغان بولسا، گەپ باشقىچە بولىدۇ. بۇ ئەھۋالدا، ماركس جەزمەن 1849-يىلى ئېلان قىلىنغان ئەشۇ كونا بايانلىرىنى ئۆزىنىڭ كېيىنكى كۈنلەردىكى نۇقتىئىنەزەرلىرىگە توغرىلىغان بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، **بۇ نەشرىدە** بارلىق مۇھىم نۇقتىلارنى ئەشۇنداق بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن كىرگۈزگەن زورۇر تۈزىتىش ۋە قوشۇمچىلىرىمنىڭ ماركسنىڭ ئارزۇسىغا پۈتۈنلەي ئۇيغۇن ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. شۇ سەۋەپتىن، كىتاپخانلارغا ئالدىن ئېيتىپ قويىمەنكى، بۇ كىتاپچە ئەمدى ماركسنىڭ 1849-يىلى يېزىپ چىققىنى بويىچىلا بولماستىن، بەلكى 1891-يىلى يېزىلغاندەك بولۇپ چىقتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەسلى نۇسخىسى شۇنچىلىك كۆپ تارقىتىلغانكى، ئۇ مەن كېلەچەكتە پۇرسەت تېپىپ ئەسەرلەر توپلىمىغا ئەينەن كىرگۈزۈپ نەشر قىلغىچە يېتىدۇ.

مېنىڭ تۈزىتىشلىرىمنىڭ ھەممىسى بىر نۇقتىغا يىغىنچاقلانغان. ئەسلى نۇسخىسىدا، ئىشچى ئىش ھەققى ئېلىش ئۈچۈن كاپىتالىستقا ئۆزىنىڭ **ئەمگىكىنى** ساتىدۇ، دېيىلگەن، ھازىرقى بۇ نەشرىدە بولسا ئۆزىنىڭ **ئەمگەك كۈچىنى** ساتىدۇ، دېيىلدى. بۇ ئۆزگەرتىش ھەققىدە ئىزاھ بېرىپ ئۆتۈشۈم كېرەك. بۇنى ئىشچىلارغا ئىزاھلاپ بېرىشتە، ئۇلارغا بۇنىڭ سۆز-ئىبارىلەر بىلەنلا بولۇپ كېتىش بولماستىن، بەلكى پۈتۈن سىياسى ئىقتىسادتىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر مەسىلىگە بېرىپ چېتىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشنى كۆزدە تۇتىمەن. بۇنى بۇرژۇئازلارغا ئىزاھلاپ بېرىشتە، ئۇلارنى تەربىيە ئالمىغان ئىشچىلارنىڭ تەكەببۇر "ئۇقۇمۇشلۇق" كىشىلىرىمىزگە

قارىغانـدا نەقەدەر ئاقىلانە ئىكەنـلىكىگە ئىشەنـدۈرۈشـنى كوزدە تۇتىمەن، چۈنكى ئالدىنقىلار ئەڭ قىيىن ئىقتىسادىي يەكۈنلەرنىمۇ ناھايىتى ئاسانلا چۈشىنەلەيدۇ، كېيىنكىلەر بولسا بۇنداق مۇرەك-كەپ مەسىلىلەرنى ئۆمۈر بويى ھەل قىلالمايدۇ.

كىلاسسىك سىياسى ئىقتىسات سانائەت ئەمىلىيىتىـدىن زاۋۇت ئىگىـلىرى ئادەت قىلىۋالغان قاراشـلارغا، يەنى زاۋۇت ئىگىلىرى ئۆز ئىشچىلىرىنىڭ **ئەمگىكىنى** سېتىۋالغان ۋە ئۇنىڭغا ھەق تولىگەن، دىگەن قاراشـلارغا ۋارىسـلىق قىلـدى. بۇنـداق قاراش زاۋۇت ئىگىلىرىنىڭ تىجارەت قىلىشى، ھېساپ - كىتاپ قىلىشى ۋە نەرق - باھا ھېساپلىشىغا پۈتۈنـلەي كۇپايە قىلاتـتى. بىراق، بۇ قاراش ساددىلىق بىلەن سىياسى ئىقتىساتقا كوچۈرۈپ كېلىنىپ، بۇ ساھەدە ناھـايىـتى روشەن خاتالىقـلار ۋە گادىـرماشلىقلارنى كەلـتۈرۈپ چىقاردى.

سىياسى ئىقتىسات شۇنداق بىر پاكىتقا دۇچكەلـدىكى، بارلىق شائېيىلارنىڭ باھاسى، جۈملىدىن سىياسى ئىقتىساتـتا "ئەمگەك" دەپ ئاتالغان شائېيىنىڭ باھاسىمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ؛ بۇ باھالار، كوپ ھاللاردا، شائېيىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتـسىز بولغان، ئىنتايىن مۇرەكـكەپ بولغان تۈرلۈك ئەھۋاللارنىڭ تەسىر كورسىتىشى ئارقىسىدا ھېلى ئورلەپ، ھېلى چۈشۈپ، كىشىلەرگە باھا ئادەتتە نوقۇل تاسادىپى ئەھۋال تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغاندەك بولۇپ تۇيۇلىدۇ. سىياسى ئىقتىسات بىر پەن سۈپىتىدە مەيدانغا چىققاندا، ئۇنىڭ ئەڭ بىرىنچى ۋەزى-پىلىرىدىن بىرى كورۈنۈشتە شائېيى باھاسىغا ھوكۈمرانلىق قىلە-ۋاتقاندەك تۇرغان تاسادىپى ئەھۋالـنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنـغان،

ئەمىلىيەتتە بولسا ئۆزى شۇ خىل تاسادىپى ئەھۋالغا ھوكۇمرانلىق قىلىۋاتقان قانۇنىيەتنى تېپىش ئىدى. ئۇ شاگىپىن باھاسىنىڭ ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرۇشى ۋە ئۇنىڭ گاھ ئۆرلەش، گاھ چۈشۈشتەك تۇراقسىزلىق ھالىتى ئىچىدىن بۇنداق ئۆزگىرىشچانلىق ۋە تۇراقسىزلىق ئۈچۈن ئاساس بولغان تۇراقلىق مەركەزنى تېپىشى لازىم ئىدى. قىسقىسى، ئۇ، شاگىپىننىڭ **باھاسىنى** ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، باھانى تەڭشىگۈچى قانۇن ھېساپلىنىدىغان شاگىپىننىڭ **قىممىتىنى** تېپىشى لازىم ئىدى، باھانىڭ بارلىق ئۆزگىرىشلىرىنى قىممەتكە ئاساسەن چۈشەندۈرۈشكە بولاتتى، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، باھانىڭ ھەممىسى قىممەتكە باغلىق ئىدى.

نەتىجىدە، كىلاسسىك سىياسى ئىقتىسات شاگىپىن قىممىتىنىڭ شاگىپىن ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە مەزكۇر شاگىپىننى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئەمگەك تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغانلىغىنى تېپىپ چىقتى. كىلاسسىك سىياسى ئىقتىسات مۇشۇنداق ئىزاھ بېرىش بىلەنلا قانائەتلەندى. بىزمۇ ۋاقتىنچە شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرايلى. لېكىن ئۇقۇشماسلىق بولمىسۇن ئۈچۈن شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشنى زۆرۈر تاپتىمكى، بۈگۈنكى كۈندە بۇنداق ئىزاھلاش ئەسلا كۇپايە قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. ماركس ئەمگەكنىڭ قىممەت يارىتىدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم تولۇق تەتقىق قىلغان ئىدى، شۇنداقلا مەلۇم بىر شاگىپىننى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن زۆرۈردەك كۆرۈنگەن ياكى ھەتتا راستلا شۇنداق شاگىپىننى ئىشلەپمۇ چىقىرالايدىغان ئەمگەكنىڭمۇ ھەرقانداق شارائىتتا شۇ شاگىپىننى ئۆزىگە سەرپ قىلىنغان ئەمگەكنىڭ مىقدارى بىلەن باراۋەر قىممەتكە ئىگە قىلالمايدىغانلىغىنى تېپىپ

چىققان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەگەر بىز هازىرمۇ رىكاردوغا ئوخشاش ئىقتىساتشۇناسلار بىلەن بىللە، ئاددى هالدا، شائىپىننىڭ قىممىتىنى شۇ شائىپىننى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن زورۇر بولغان ئەمگەك بەلگىلەيدۇ، دەيدىغان بولساق، ئۇ هالدا، بىز بۇ يەردە هامان ماركس كورسەتكەن قوشۇمچە شەرتلەرنى مۇقەررەر ئالدىنقى شەرت قىلىۋالغان بولىمىز. بۇ يەردە مۇشۇ نۇقتىنى كورسەتسەكلا كۇپايە قىلىدۇ. قالغانلىرىنى ماركسنىڭ 1859 - يىلى ئېلان قىلىنغان «سىياسى ئىقتىسات پىپەنىگە دائىر» دىگەن كىتاۋىدىن ۋە «كاپىتال»نىڭ 1 - تومىدىن تېپىۋالساق بولىدۇ[4].

لېكىن ئىقتىساتشۇناسلار قىممەتنى ئەمگەك بەلگىلەيدۇ دەيدىغان بۇ نۇقتىنەزەرنى "ئەمگەك" دىگەن بۇ شائىپىنغا تەتبىق قىلغانلىقى ۋاقتىدا، ئۇلار دەرهال بىر قاتار زىددىيەتلەر ئىچىگە كىرىپ قالىدۇ. "ئەمگەك"نىڭ قىممىتىنى نىمە بەلگىلەيدۇ؟ ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان زورۇر ئەمگەك بەلگىلەيدۇ. لېكىن، بىر ئىشچىنىڭ بىر كۈن، بىر هەپتە، بىر ئاي، بىر يىل قىلغان ئەمگىكى قانچىلىك ئەمگەكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ؟ بىر كۈنلۈك، بىر هەپتىلىك، بىر ئايلىق، بىر يىللىق ئەمگەكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. ئەگەر ئەمگەك بارلىق قىممەتنىڭ ئولچىمى بولىدىكەن، ئۇ هالدا، "ئەمگەكنىڭ قىممىتى"نى پەقەت ئەمگەك بىلەنلا ئىپادىلەپ بېرە-لەيمىز. لېكىن بىز بىر سائەتلىك ئەمگەكنىڭ قىممىتى بىر سائەت-لىك ئەمگەككە باراۋەر ئىكەنلىكىنىلا بىلسەك، بىر سائەتلىك ئەمگەكنىڭ قىممىتىنى هەرگىز بىلەلمەيمىز. بۇنداقتا، بىز ئۆز مەقسىدىمىزگە قىلچىمۇ يېقىنلىشالمايمىز، هامان بىر دائىرىدىن چىقالماي ئايلىنىپ يۈرۈۋېرىمىز.

شۇنداق قىلىپ، كىلاسسىك سىياسى ئىقتىسات باشقا چىقىش يولى تېپىشقا ئۇرۇنىدۇ، ئۇ: شاگىپىنىنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش خىراجىتىگە باراۋەر، دەيدۇ. لېكىن ئەمگەكنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش خىراجىتى نىمە بولىدۇ؟ ئىقتىساتشۇناسلار بۇ سوئالغا جاۋاپ بېرىش ئۈچۈن، مەنتىققە بىر ئاز زورلاۋانلىق ئىشلەتمەي تۇرالمىدى. ئۇلار ئەمگەكنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش خىراجىتىنى تەكشۈرۈشنىڭ ئورنىغا (ئەپسۇسكى، بۇنى مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولمايدۇ) **ئىشچىنىڭ** ئىشلەپچىقىرىلىش خىراجىتىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى تەكشۈرىدۇ. بۇنداق ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىنى بولسا مۇئەييەنلەشتۈرۈش مۇمكىن. ئۇ ۋاقىت ۋە ئەھۋالغا قاراپ ئۆزگىرىدۇ، لېكىن مۇئەييەن ئىجتىمائى ئەھۋالدا، مۇئەييەن جايدا، مۇئەييەن ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىدا، بۇنداق خىراجەت ئوخشاشلا مۇئەييەن بىر مىقتار بولىدۇ، ھېچ بولمىغاندا، ناھايىتى تار دائىرىدە مۇئەييەن بىر مىقتار بولىدۇ. بىز ھازىر كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ھوكۇمرانلىق قىلىۋاتقان شارائىتتا ياشىماقتىمىز، بۇ يەردە، ئادەم سانى كۆپ بولغان ھەممە ئۆزلۈكسىز كۆپىيىۋاتقان بىر سىنىپ پەقەت ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى (قورال-سايمانلار، ماشىنىلار، خام ئەشيالار) ۋە تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىڭ ئىگىلىرىگە ئىشلەپ بېرىپ ئىش ھەققى ئالغاندا ئاندىن ياشاپ تۇرالايدۇ. بۇنداق ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى شارائىتىدا، ئىشچىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش خىراجىتى دىگىنىمىز ئىشچىنى ئەمگەك ئىقتىدارىغا ئىگە قىلالايدىغان، ئەمگەك ئىقتىدارىنى ساقلاپ قالالايدىغان قىلىش ئۈچۈن، شۇنىڭدەك قېرىش، كېسەل بولۇش، ياكى ئۆلۈپ كېتىش سەۋەبىدىن ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلغاندا ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى

ئىشچىنى قويۇش ئۈچۈن، يەنى ئىشچىلار سىنىپىنى زۆرۈر بولغان ئادەم سانىنى ساقلاپ قالالايدىغان ۋە كۆپىيىپ تۇرالايدىغان قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىڭ مىقدارى ياكى مۇشۇ تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىڭ پۇل بىلەن ئىپادىلىنىدىغان باھاسىدىن ئىبارەت. ئەمدى بىز مۇشۇ تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىڭ پۇل بىلەن ئىپادىلىنىدىغان باھاسىنى ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن كۈنىگە 3 مارك دەپ پەرەز قىلايلى.

دېمەك، بىزنىڭ بۇ ئىشچىمىز ئۆزىنى ياللىغان كاپىتالىستتىن كۈنىگە 3 مارك ئىش ھەققى ئالىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن كاپىتالىست ئۇنى كۈنىگە، مەسىلەن، 12 سائەت ئىشلەشكە مەجبۇر قىلىدۇ. بۇ جەرياندا كاپىتالىست تەخمىنەن مۇنداق چوت سوقىدۇ:

بىز ئېيتقان بۇ ئىشچى چيەنگۈك بولۇپ، ئۇ بىر كۈندە ئۆزى ئىشلەپ كېتەلەيدىغان بىر ماشىنا لىڭجيەنىنى پۈتتۈرۈشى كېرەك، دەپ پەرەز قىلايلى. خام ئەشيانىڭ — جىياگۇڭ قىلىنىپ مەلۇم شەكىلگە كىرگۈزۈلگەن تۆمۈر بىلەن مىسنىڭ — قىممىتى 20 مارك بولسۇن. يەنە مەسىلەن، پار ماشىنىسىغا كېتىدىغان كۆمۈرنىڭ قىممىتى، شۇنىڭدەك مۇشۇ پار ماشىنىسىنىڭ، ئۇشكىلەش جىچۇاڭنىڭ ۋە مۇشۇ ئىشچى ئىشلەتكەن باشقا بارلىق قورال-سايمانلارنىڭ بىر كۈندە ۋە بىر ئىشچى ئىشلەتكەن چاغدا بولىدىغان ئۇپراش قىممىتى 1 مارك بولسۇن. بىر كۈنلۈك ئىش ھەققى، پەرىزىمىز بويىچە، 3 مارك بولىدۇ. قوشۇپ ھېساپلىغاندا، بىز ئېيتقان بۇ ماشىنا لىڭجيەنىگە 24 مارك سەرپ قىلىنغان بولىدۇ. لېكىن كاپىتالىست بۇ لىڭجيەننى سېتىۋالغۇچىنىڭ قولىدىن ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 27 مارك ئالماقچى، يەنى ئۆزى سەرپ قىلغان

ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىدىن 3 مارك ئارتۇق ئالماقچى بولىدۇ.

كاپىتالىستنىڭ چەندازىسىغا كىرىدىغان بۇ 3 مارك قەيەردىن كېلىدۇ؟ كىلاسسىك سىياسى ئىقتىساتنىڭ ئېيتىشىچە بولغاندا، شاگىپىن، ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن ئالغاندا، ئۇز قىممىتى بويىچە، يەنى شۇ شاگىپىن ئۇز ئىچىگە ئالغان زورۇر ئەمگەك مىقتارىغا تەڭ باھادا سېتىلىدۇ. دىمەك، بىز ئېيتقان ھېلىقى ماشىنا لىگجىيە-نىنىڭ ئوتتۇرىچە باھاسى — 27 مارك — جەزمەن ئۇنىڭ قىممىتىگە، يەنى ئۇ ئۇز ئىچىگە ئالغان ئەمگەك مىقتارىغا باراۋەر بولىدۇ. لېكىن، بۇ 27 مارك ئىچىدىن 21 مارك بىز ئېيتقان چيەنگۇڭ ئىشقا كىرىشىشتىن ئىلگىرى مەۋجۇت قىممەت ئىدى؛ 20 ماركلىق خام ئەشيا بار ئىدى، 1 مارك ئىش ۋاقتىدا كويدۇرۇلگەن كومۇردە، ياكى شۇ جەريانىدا ئىشلىتىلگەچكە ئىش ئۇنۇمى مۇناسىپ ھالدا كېمىيىپ كەتكەن ماشىنا ۋە قورال-سايمانلاردا ئىدى. قالغان 6 مارك خام ئەشيا قىممىتىگە قوشۇلدى. لېكىن بىزنىڭ ئىقتىساتشۇ-ناسلىرىمىزنىڭ پەرىزىچە بولغاندا، بۇ 6 مارك بىز ئېيتقان بۇ ئىشچىنىڭ خام ئەشياغا قوشقان ئەشۇ ئەمگىكىدىنلا پەيدا بولىدۇ. شۇنداق بولغاندا، ئۇنىڭ 12 سائەتلىك ئەمگىكى 6 ماركلىق يېڭى قىممەت ياراتقان بولىدۇ. دىمەك، ئۇنىڭ 12 سائەتلىك ئەمگىكىنىڭ قىممىتى 6 ماركقا تەڭ بولغان بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىز "ئەمگەكنىڭ قىممىتى"نىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى ئاخىر بىلىۋالغان بولىمىز.

"توختا!"، — دەيدۇ بىز ئېيتقان بۇ چيەنگۇڭ ئىشچى، — "6 مارك دەمسەن؟ مەن پەقەت 3 مارك ئالدىمغۇ! كاپىتالىست

خوجايىنىم، 12 سائەتلىك ئەمگىكىڭنىڭ قىممىتى پەقەت 3 ماركىلا تەڭ، دەپ خۇدانى ئاتاپ قەسەم قىلىدۇ، مەن ئۇنىڭدىن 6 مارك تەلەپ قىلسام، ئۇ مېنى مەسخىرە قىلىپ كۈلىدۇ، بۇ زادى قانداق ئىش؟“

ئەگەر باشتا ئەمگەكنىڭ قىممىتى مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا چىقالمايدىغان بىر دائىرىگە كىرىپ قالغان بولساق، ئەمدى بىز يەنە يېشەلمەيدىغان بىر زىددىيەت ئىچىگە پۈتۈنلەي كىرىپ قالدۇق. بىز ئەمگەكنىڭ قىممىتىنى ئىزلىگەن ئىدۇق، ئەمما بىز ئۆزىمىزگە كېرەك بولغىنىدىن كۆپرەگىنى تاپتۇق. 12 سائەتلىك ئەمگەكنىڭ قىممىتى ئىشچى ئۈچۈن 3 مارك؛ كاپىتالىست ئۈچۈن بولسا 6 مارك بولۇپ چىقتى، كاپىتالىست بۇ 6 ماركتىن 3 ماركنى ئىشچىنىڭ ئىش ھەققىگە بېرىپ، قالغان 3 ماركنى ئۆزىنىڭ چەندازىسىغا سالىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئەمگەكنىڭ قىممىتى بىر ئەمەس، بەلكى ئىككى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىككى قىممەت بىر بىرىگە زادىلا ئوخشىمايدۇ!

ئەگەر بىز پۇل بىلەن ئىپادىلىنىدىغان قىممەتنى ئەمگەك ۋاقتىغا ئايلاندۇرساق، ئۇ ھالدا، بۇ زىددىيەت تېخىمۇ بىمەنە بىلىنىدۇ. 12 سائەتلىك ئەمگەك ۋاقتىدا 6 ماركلىق يېڭى قىممەت يارىتىلىدۇ. دېمەك، ئىشچى 3 ماركلىق قىممەتنى، يەنى 12 سائەتلىك ئەمگىكى بەدىلىگە ئالغان ھېلىقى 3 ماركنى 6 سائەتتە يارىتىدۇ. ئىشچى 12 سائەتلىك ئەمگىكى ئۈچۈن تەڭ قىممەتتىكى نەرسە سۈپىتىدە 6 سائەتلىك ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلاتىنى ئالىدۇ. قىسقىسى، ياكى ئەمگەكنىڭ ئىككى قىممىتى بولىدۇ ۋە بۇنىڭ بىرى يەنە بىرىدىن بىر ھەسسە كۆپ بولىدۇ؛ ياكى ئون ئىككى ئالتىگە

تەڭ بولىدۇ! ئىككى خىل ئەھۋالنىڭ ھەر ئىككىسى ئۆتۈپ كەتكەن بىمەنىلىك.

بىز ئەمگەكنىڭ سېتىلىشى، سېتىۋېلىنىشى ۋە ئەمگەكنىڭ قىممىتى ئۈستىدە سۆزلەۋېرىدىغان بولساق، قانداق قىلغىنىمىز بىلەنمۇ بۇ زىددىيەتتىن قۇتۇلالمايمىز. ئىقتىساتشۇناسلار مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. كىلاسسىك سىياسىي ئىقتىساتنىڭ ئاخىرقى ۋەكىلى بولغان رىكاردو ئېقىمىدىكىلەر، كوپىنچە، مۇشۇ زىددىيەتنى ھەل قىلالماي بەربات بولغان. كىلاسسىك سىياسىي ئىقتىسات خالتا كوچىغا كىرىپ قالغان. بۇ خالتا كوچىدىن چىقىش يولى تېپىپ بەرگەن كىشى كارل ماركس بولدى.

ئىقتىساتشۇناسلارنىڭ "ئەمگەك"نىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش خىراجىتى دەپ قارىغىنى ئەمگەكنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش خىراجىتى بولماستىن، بەلكى ھايات ئىشچىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش خىراجىتى. بۇ ئىشچىنىڭ كاپىتالىستقا ساتقىنىمۇ ئۆزىنىڭ ئەمگىكى ئەمەس. ماركس مۇنداق دەيدۇ: «ئىشچىنىڭ ئەمگىكى ھەقىقىي باشلانغان چاغدا، ئۇ ئەمدى ئىشچىغا مەنسۇپ بولماي قالىدۇ، شۇڭا ئىشچى تەرىپىدىن سېتىلىشى مۇمكىن بولماي قالىدۇ.»[5] دېمەك، بۇ ئىشچى، ئەڭ كۆپ بولغاندا، پەقەت ئۆزىنىڭ **كېلەچەكتىكى** ئەمگىكىنىلا ساتالايدۇ، يەنى ئۇ پەقەت مۇئەييەن ۋاقىت ئىچىدە مۇئەييەن ئىشنى ئورۇنلاش مەجبۇرىيىتىنىلا ئۈستىگە ئالالايدۇ. لېكىن، بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەمگىكىنى (بۇ ئەمگەك تېخى ئورۇنلانمىغان) ساتقان بولمايدۇ، بەلكى مۇئەييەن ھەق ئېلىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئەمگەك كۈچىنى مۇئەييەن ۋاقىتقىچە (كۈنلۈك ئىش ھەققى شارائىتىدا)، ياكى مۇئەييەن ئىشنى ئورۇنلاش ئۈچۈن

(ئىشقا قاراپ بېرىلىدىغان ئىش ھەققى شارائىتىدا) كاپىتالىستنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرىدۇ: ئۇ ئۆزىنىڭ **ئەمگەك كۈچىنى** ياللاپ بېرىدۇ، ياكى ساتىدۇ. لېكىن، بۇ ئەمگەك كۈچى ئىشچىنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە بولىدۇ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كەتمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش خىراجىتى ئىشچىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش خىراجىتى بىلەن بىردەك بولىدۇ؛ ئىقتىساتشۇناسلار تەرىپىدىن ئەمگەكنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش خىراجىتى دېيىلگەن نىمە دەل ئىشچىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش خىراجىتىنىڭ ئۆزى، شۇنداقلا ئەمگەك كۈچىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش خىراجىتى. مانا ئەمدى بىز ئەمگەك كۈچىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش خىراجىتىدىن ئەمگەك كۈچىنىڭ **قىممىتىگە** ئۆتەلەيمىز، شۇنداقلا مۇئەييەن سۈپەتتىكى ئەمگەك كۈچىنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئىجتىمائى زۆرۈر ئەمگەك مىقتارىنى بەلگىلىيەلەيمىز. — ماركسمۇ ئەمگەك كۈچىنىڭ سېتىلىشى ۋە سېتىۋېلىنىشى ھەققىدىكى بۆلۈمدە ئەنە شۇنداق قىلغان («كاپىتال» 1 ـ توم، 4 ـ باپ، 3 بۆلۈم).

خوش، ئىشچى ئۆزىنىڭ ئەمگەك كۈچىنى كاپىتالىستقا ساتقاندىن كېيىن، يەنى ئالدىن كېلىشكەن ئىش ھەققىنى — كۈنلۈك ياكى ئىشقا قاراپ بېرىلىدىغان ئىش ھەققىنى — ئېلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەمگەك كۈچىنى كاپىتالىستنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرغاندىن كېيىن ئەھۋال يەنە قانداق بولىدۇ؟ كاپىتالىست بۇ ئىشچىنى ئۆزىنىڭ كارخانىسى ياكى زاۋۇتىغا ئېلىپ بارغىنىدا، ئۇ يەردە ئىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان تۈرلۈك نەرسىلەر: خام ئەشيا، قوشۇمچە ماتېرىيال (كۆمۈر، بوياق قاتارلىقلار)، قورال ـ سايمانلار،

ماشىنىلار تەييار بولغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىشچى بۇ يەردە
ئىشلەشكە باشلايدۇ. ئۇنىڭ كۈنلۈك ئىش ھەققى، يۇقۇرقىدەك 3
مارك دەپ پەرەز قىلايلى — ئۇنى ئىشچى مەيلى كۈنلۈككە ئالسۇن،
مەيلى ئىشقا قاراپ ئالسۇن، ئۇنىڭ كارى چاغلىق. بىز بۇ يەردە
يەنىلا يۇقۇرقىدەك پەرەز قىلايلى، ئىشچى 12 سائەتتە، سەرپ
قىلىنغان خام ئەشياغا ئۆز ئەمگىكى ئارقىلىق 6 ماركلىق يېڭى
قىممەت قوشىدۇ، بۇ يېڭى قىممەتكە كاپىتالىست مەھسۇلاتنى
ساتقاندا ئېرىشىدۇ. ئۇ، بۇ 6 ماركتىن 3 ماركنى ئىشچىغا تولەيدۇ،
قالغان 3 ماركنى ئۆزىگە ئېلىپ قالىدۇ. لېكىن، ئەگەر ئىشچى
12 سائەتتە 6 ماركلىق قىممەت ئىشلەپ چىقاردى دەپ پەرەز
قىلساق، ئۇ ھالدا، ئۇنىڭ 6 سائەتتە ياراتقىنى 3 ماركلىق
قىممەت بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىشچى كاپىتالىست ئۈچۈن 6
سائەت ئىشلىگەندىن كېيىنلا ئىش ھەققى ئۆز ئىچىگە ئالغان 3
ماركقا باراۋەر قىممەتنى كاپىتالىستقا قايتۇرۇپ بولىدۇ. ئىشچى
6 سائەت ئەمگەك قىلغاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپ تۈگەشكەن
بولىدۇ، بىر بىرىدە بىر تىيىنمۇ ھەققى قالمايدۇ.

"توختا!"، — ئەمدى كاپىتالىست جار سېلىشقا باشلايدۇ، — «مەن ئىشچىنى پۈتۈن بىر كۈنلۈك، يەنى 12 سائەتلىك ياللىغان-
مەن. 6 سائەت ئاران يېرىم كۈن بولىدۇ. دەرھال بېرىپ قالغان
6 سائەتلىك ئىشنى ئورۇنلا، شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن تۈگەشكەن
بولىمىز!» شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشچى ئەملىيەتتە "ئۆز ئىختىيارى"
بىلەن تۈزگەن توختامنى ئورۇنلاشقا مەجبۇر بولىدۇ، بۇ توختام
بويىچە، ئۇ 6 سائەتلىك ئەمگەك مەھسۇلاتى ئۈچۈن توپ - توغرا
12 سائەت ئىشلىشى كېرەك ئىدى.

ئىش مىقتارىغا قاراپ ھەق بېرىش ئەھۋالىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. بىز ئېيتقان بۇ ئىشچى 12 سائەتتە 12 دانە شاڭپىن ئىشلەپ چىقىدۇ دەپ پەرەز قىلايلى. ھەر بىر شاڭپىنغا كەتكەن خام ئەشيا ۋە ماشىنىنىڭ ئۆپرىشى 2 ماركقا توغرا كەلسە، ھەر بىر شاڭپىن 2.5 ماركتىن سېتىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، يۇقۇرىدا پەرەز قىلىنغانغا ئوخشاش شەرت ئاستىدا، كاپىتالىست ھەر بىر شاڭپىن ئۈچۈن ئىشچىغا ئاران 25 پىفىنىڭدىن پۇل تۆلەيدۇ. دېمەك، 12 دانە شاڭپىن ئۈچۈن 3 مارك تۆلەيدۇ؛ ئىشچى بۇ 3 ماركقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن 12 سائەت ئىشلىشى كېرەك. كاپىتالىست 12 دانە شاڭپىندىن 30 ماركقا ئىگە بولىدۇ. بۇنىڭدىن خام ئەشياغا ۋە ماشىنىنىڭ ئۆپرىشىغا كەتكەن 24 ماركنى تۇتۇپ قالغاندا، يەنە 6 مارك قالىدۇ، كاپىتالىست بۇ 6 ماركتىن 3 ماركنى ئىشچىنىڭ ئىش ھەققىگە تۆلەيدۇ، قالغان 3 ماركنى ئۆزىنىڭ چەندازىسىغا سالىدۇ. پۈتۈن ئەھۋال يۇقۇرىدىكىگە تامامەن ئوخشاش. بۇ يەردىمۇ ئىشچى 6 سائەت ئۆزى ئۈچۈن، يەنى ئالغان ئىش ھەققى ئۈچۈن ئىشلىسە (12 سائەتنىڭ ھەر بىر سائىتىدە يېرىم سائەت ئۆزى ئۈچۈن ئىشلىسە)، 6 سائەت كاپىتالىست ئۈچۈن ئىشلەيدۇ.

مۇنەۋۋەر ئىقتىساتشۇناسلار "ئەمگەك" قىممىتىنى ئاساس قىلىۋېلىپ ھەل قىلالمىغان قىيىنچىلىقلار بىزنىڭ **"ئەمگەك كۈچى"** قىممىتىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىشىمىز بىلەنلا يوقاپ كېتىدۇ. ھازىرقى زامان كاپىتالىزىم جەمئىيىتىمىزدە، ئەمگەك كۈچى — شاڭپىن، باشقا ھەرقانداق شاڭپىنغا ئوخشاش شاڭپىن، لېكىن ئۇ پۈتۈنلەي ئالاھىدە بولغان بىر خىل شاڭپىن. گەپ شۇنىڭدىكى،

بۇ شاگىپنىنىڭ بىر خىل ئۆزگىچە خۇسۇسىيىتى بار: ئۇ — قىممەت يارىتىدىغان بىر خىل كۈچ، ئۇ — قىممەتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدىغان بىر خىل مەنبە، يەنە كېلىپ — مۇۋاپىق ئىستىمال قىلىنغاندا — ئۆزىدە بار قىممەتتىن تېخىمۇ كۆپرەك قىممەتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرەلەيدىغان مەنبە. هازىرقى زامان ئىشلەپچىقىرىشى هالىتىدە، ئادەمنىڭ ئەمگەك كۈچى بىر كۈن ئىچىدە ئۆزىدە بولغان ۋە ئۆزى سەرىپ قىلىدىغان قىممەتتىن ئارتۇق قىممەت ئىشلەپچىقىرىپلا قالمايدۇ؛ بەلكى هەر بىر يېڭى ئىلمىي كەشپىياتنىڭ ۋە تېخنىكا جەھەتتىكى هەر بىر يېڭى ئىختىرانىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى نەتىجىسىدە، ئەمگەك كۈچىنىڭ كۈنلۈك مەھسۇلاتىنىڭ ئەمگەك كۈچىنىڭ كۈنلۈك چىقىمىدىن ئېشىپ كېتىدىغان قالدۇغىمۇ ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بارىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئىشچى ئىش كۈنى ئىچىدە ئۆزىنىڭ كۈنلۈك ئىش ھەققىنى قاپلاش ئۈچۈن ئىشلەپ بېرىدىغان ۋاقىت قىسقىرىپ بارىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئىشچى بىر تىيىن ھەق ئالماي كاپىتالىستقا بىكار ئىشلەپ بېرىشكە مەجبۇر بولىدىغان ۋاقىت بولسا ئۇزىرىپ بارىدۇ.

هازىرقى زامان جەمىيىتىنىڭ پۈتۈن ئىقتىسادىي تۈزۈمى مۇنداق: ئىشچىلار سىنىپى ھەممە قىممەتنى ئىشلەپچىقىرىدىغان بىردىن-بىر سىنىپ. چۈنكى قىممەت ئەمگەكنىڭ باشقىچە بىر خىل ئىپادىسى، شۇنداقلا هازىرقى زامان كاپىتالىزىم جەمىيىتىمىزدە مۇئەييەن شاگىپىن ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىجتىمائىي زۆرۈر ئەمگەك مىقتارىنى كۆرسىتىدىغان بىر خىل ئىپادە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، ئىشچىلار ئىشلەپچىقارغان بۇ قىممەت ئىشچىلارغا تەئەللۇق بولماستىن، بەلكى خام ئەشيا، ماشىنا ۋە قورال-ساي-

مانـلارغا ئىگە بولغان، ئالـدىن مەبلەغ سالغان ۋە شۇ سەۋەپتىن ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەمگەك كۈچىنى سېتىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇۋالغان مۇلۇكدارلارغا تەئەللۇق بولـدۇ. دېـمەك، ئىشـچىلار سىنىپى ئۆزى ئىشـلەپچىقارغان پۈتۈن مەھسۇلاتـتىن پەقەت بىر قىسمىنىلا قايتۇرۇۋالالايـدۇ. يەنە بىر قىسمى، يەنى كاپىتالىستلار سىنىپى قولىدا قالغان ھەممە كوپ دىگەندە ئۇلار يەر ئىگىـلىرى سىنىپى بىلەنلا بولۇشۇۋالىدىغان قىسمى، ھېلىراق ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ھەر بىر يېـڭى كەشپـيات ۋە ئىخـتىـرانىڭ مەيـدانغا چىقىشىغا ئەگىشىپ كۈندىن ـ كۈنـگە كوپـيىۋېـرىدۇ، ئىشـچىلار سىنىپىنىڭ قولىغا تېگىدىغان قىسمى (كىشى بېشىغا ھېساپلىغانـدا) نىڭ ئېشىشى ياكى ناھايىتى ئاستا ۋە ناھايىتى ئاز بولىدۇ، ياكى پەقەت ئاشمايدۇ ھەممە مەلۇم ئەھۋال ئاسـتىدا ھەتـتا ئازىـيىپ كېتىدۇ.

لېكىن، بىر بىرىنى چەتكە قېقىشنى كۈندىن ـ كۈنگە تېزلـىتە-دىغان بۇ كەشپيات ۋە ئىختىرالار، ھەر كۈنى مىسلى كورۇلمىگەن دەرىجىدە ئېشىۋاتـقان ئىنسانـلار ئەمگـىكىنىڭ ئىشلەپـچىقىرىش ئۇنۇمدارلىغى ئاخىر بېرىدىپ ھازىرقى زامان كاپىتالىستىك ئىگىلىـگىنى ھالاك قىلىدىغان بىر خىل توقۇنۇشنى چـوقۇم كەلـتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىر تەرەپتە، ھەددى ـ ھېساپسىز بايلىقلار ۋە خېرىدارلار ئېلىپ تۈگىتەلمەيدىغان ئوشۇقچە مەھسۇلاتلار تۇرۇپتۇ. يەنە بىر تەرەپتە، جەمىيەتتە پۈرولېتارىياتلاشـقان، ياللانـما ئىشـچىـلارغا ئايلانغان ۋە شۇ سەۋەپتىن بۇ ئوشۇقچە مەھسۇلاتلارغا ئېرىشىشكە قۇدرىتى يەتمەيدىغان مۇتـلەپ كوپ سانـلىق ئاھـالە تۇرۇپـتۇ. جەمىيەتنىڭ ئادەم سانى كوپ بولمىغان، ھەددىـدىن ئارتۇق باي

بولغان سىنىپقا ۋە ئادەم سانى كوپ بولغان، مۇلۇكـسىز ياللانـما ئىشچىلار سىنىـپىغا بولۇنۇشى بۇ جەمـيەتنى ئوز بايلىـغى بىلەن بوغۇپ قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ جەمىيەتـنىڭ ئىنـتايىن كوپچىلىك ئەزالـىرى چېـكىدىن ئاشـقان نامراتلىقـتىن قۇتۇلۇش كاپالىتىگە پۈتۈنلەي دىگـۇدەك ئېرىـشەلمەيـدۇ، ياكـى تامامەن ئېرىشەلمەيدۇ. جەمىيەتنىڭ بۇنداق ھالىتى كۈندىن ـ كۈنگە بىمەنە ـ لىـشىپ بارىـدۇ ۋە بارغانـسېرى كېرەكـسىزلىشـىپ بارىـدۇ. ئۇ يوقىتىلىشى **كېرەك** ۋە يوقىتىلىشى **مۇمكىن**. شۇنـداق بىر يېڭـى ئىجتىمائى تۈزۈم ئەمەلـگە ئاشۇرۇلۇشى مۇمكىنـكى، ئۇ تۈزۈمـدە ھازىرقى سىنىپىي پەرقلەر يوقىلىدۇ؛ شۇنىڭدەك بۇ تۈزۈمـدە ــ بەلكىم ۋاقىتلىق، بەزىـبىر جاپا ـ مۇشەقـقەت بىلەن ئوتىـدىغان، لېكىن قانداقلا بولسۇن مەنىـۋى جەھەتـتە ناھايىـتى پايـدىلىق بولغان بىر ئوتكۈنچى دەۋر بېسىپ ئوتۈلگەندىن كېيىن ــ ھـازىر بار بولغان غايەت زور ئىشلەپـچىقىرىـش كۈچلىرىـدىن پىلانـلىق تۈردە پايدىلىنىش ۋە ئۇنى تېخىمۇ راۋاجلانـدۇرۇش ئارقىلـق، ھەممەكىـشىنىڭ ئەمگەكـكە قاتـنىشىـشى زورۇر بولۇپ قالـغان شارائىتتا، تۇرمۇش ۋاستىلىرى، ھوزۇر ـ ھـالاۋەت ۋاسـتىلىرى، جىـسمانى ۋە ئەقـلىي قابىـلىيەتـنى راۋاجلانـدۇرۇش ۋە تەتبىق قىلىـشقا كېرەكـلىـك بولغان بارلىـق ۋاسـتىـلەر جەمـيەتـنىڭ بارلىق ئەزالـىرىـنىڭ ئىخـتىيارىغا باراۋەر ھالـدا، بارغانـسېرى تولۇق تاپشۇرۇلىدۇ. ئىشچىلارنىڭ بۇ يېڭى ئىجتىـمائى تۈزۈمـنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈندىن ـ كۈنگە تولۇپ تاشقان ئىشـەنچ بىلەن بەل باغلاۋاتـقانلىقىغا كەلـسەك، بۇنى ئوكيانـنىڭ ئىككـى قىرغىقىدا ئەتىكى 1 ـ ماي كۈنى ۋە 3 ـ ماي ــ يەكـشەنـبە كۈنى[6]

ئىسپاتلايدۇ.

**فرىدرىخ ئېنگېلس**

1891 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، لوندون

«ئالغا گېزىتى»نىڭ 1891 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىكى 109 ـ نومۇرلۇق قوشۇمچە سانى ۋە كارل ماركسنىڭ 1891 ـ يىلى بېرلىندا نەشر قىلىنغان «ياللانما ئەمگەك ۋە كاپىتال» دېگەن كىتاۋىغا بېسىلغان

ئەسلىسى نېمىسچە

خەنزۇچىسى «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى» رۇسچە 2 ـ نەشرى، 22 ـ تومىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلىنغان

# ياللانما ئەمگەك ۋە كاپىتال[7]

ك. ماركس ئۆزىنىڭ 1847 ـ
يىل 12 ـ ئاينىڭ كېيىنكى
يېرىمىدا سۆزلىگەن لېكسىيە ـ
لىرىگە ئاساسەن يازغان
«يېڭى رېين» گېزىتىنىڭ
1849 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ 8 ـ
ۋە 11 ـ كۈنلىرىدىكى 264 ـ
267 ـ ۋە 269 ـ سانلىرىغا
بېسىلغان

ئەسلىسى نېمىسچە
ھەنزۇچىسى «ماركس ـ
ئېنگېلس ئەسەرلىرى» رۇسچە
2 ـ نەشرى، 6 ـ تومىغا ئاساسەن
تەرجىمە قىلىنغان

## 1

**كيۇلىن**، 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى①. بىز ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ بىزنى ھازىرقى زاماندىكى سىنىپىي كۈرەش ۋە مىللىي كۈرەشنىڭ ماددىي ئاساسىنى تەشكىل قىلغان **ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى** تەپسىلىي بايان قىلىپ بەرمىدىڭلار دېگەن تاپا ـ تەنىلىرىنى ئاڭلىدۇق. بىز پەقەت بۇ مۇناسىۋەتلەر سىياسىي توقۇنۇشلاردا بىۋاستە ئىپادىلەنگەن چاغدىلا، بۇ مۇناسىۋەتلەر ئۈستىدە مەقسەتلىك ھالدا توختىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق.

ئۆتكەندە، ئالدى بىلەن، سىنىپىي كۈرەشنى تارىخنىڭ كۈندىلىك تەرەققىياتىدىن كۆزىتىش ھەمدە فېۋرال ئىنقىلابى ۋە مارت ئىنقىلابىنى ۋۇجۇتقا چىقارغان ئىشچىلار سىنىپى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندا، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى (فرانسىيەدە بۇرژۇئا جۇمھۇرىيەتچىلەر، پۈتكۈل ياۋروپا قۇرۇقلۇغىدا بولسا فېودال مۇستەبىتلىك تۈزۈمگە قارشى تۇرغان بۇرژۇئازىيە ۋە دېخانلار سىنىپى) مۇشۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يېڭىلگەنلىكىنى؛ فرانسىيەدىكى "ئادىل جۇمھۇرىيەت"نىڭ غەلىبىسى، ئەينى ۋاقىتتا، فېۋرال ئىنقىلابىغا ئاۋاز قوشۇپ مۇستەقىللىق ئۈچۈن باتۇرلۇق بىلەن

---

① «ياللانما ئەمگەك ۋە كاپىتال»نىڭ بەزى نەشرلىرىدە (جۈملىدىن 1891 ـ يىل نەشرىدە) ھەر بىر پارچە ماقالىنىڭ بېشىغا يېزىلغان ئاي، كۈن چىقىرىۋېتىلگەن. — تەھرىردىن

كۈرەش قىلغان مىللەتلەرنىڭ مەغلۇبىيىتى ئىكەنلىكىنى؛ ئاخىردا، ئىنقىلاۋىي ئىشچىلارنىڭ مەغلۇپ بولۇشىغا ئەگىشىپ، ياۋروپانىڭ يەنە ئۆتمۈشتىكىدەك ئىككى تەرەپلىمە قۇللۇقتا، يەنى **ئەنگلىيە بىلەن روسىيىنىڭ** قۇللۇغىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى مەۋجۇت بولغان ۋە ھەركۈنى يېڭىدىن ۋۇجۇتقا كېلىۋاتقان تارىخىي ماتىرىياللارغا ئاساسەن تەجرىبە جەھەتتىن ئىسپاتلاپ بېرىش زورۇر ئىدى. پارىژدىكى ئىيۇن كۈرىشى، ۋېنانىڭ قولدىن كېتىشى، نويابىردا بېرلىندا① بولغان پاجەلىك كومىدىيە، پولشا، ئىتالىيە ۋە ۋېنگرىيىلەرنىڭ جان تىكىپ تىرىشىشى، ئىرلاندىيىدە بولغان ئېغىر ئاچارچىلىق — مانا بۇلار ياۋروپادا بۇرژۇئازىيە بىلەن ئىشچىلار سىنىپى ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي كۈرەشنى مەركەزلىك ھالدا ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئاساسىي ۋەقەلەر ئىدى. بىز مۇشۇ ئەمەلىي مىساللارغا ئاساسەن، ھەرقانداق بىر ئىنقىلاۋىي قوزغىلاڭنىڭ، مەيلى ئۇنىڭ مەقسىدىنىڭ سىنىپىي كۈرەشتىن قانچىلىك يىراق تۇرغاندەك بولۇپ كۆرۈنۈشىدىن قەتئىي نەزەر، ئىنقىلاۋىي ئىشچىلار سىنىپى غەلىبە قىلىشتىن ئىلگىرى مەغلۇپ بولۇشتىن خالى بولالمايدىغانلىقىنى؛ پۇرولېتارىيات ئىنقىلاۋى بىلەن فېئوداللىق ئەكسىلئىنقىلاپ **دۇنيا ئۇرۇشىدا** كۈچ سىنىشىپ كۆرۈشتىن ئىلگىرى ھەرقانداق بىر خىل ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنى ئېلىپ بارىمەن دېيىش قۇرۇق خىيال بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ ئۆتكەن ئىدۇق. بىزنىڭ بايانلىرىمىزدىمۇ ئەمەلىيەتتىكىگە ئوخشاش، **بىلگىيمۇ،**

---

① 1891-يىلدىكى نەشرىدە، "نويابىردا بېرلىندا" دېگەن سۆزنىڭ ئالدىغا: "1848-يىلى" دېگەن سۆز قوشۇلغان. — تەھرىردىن

**شۋېيتسارىيىمۇ** بۈيۈك تارىخىي كۈرۈنۈشلەردىكى پاجىئەلىك كومېدىيىگە ۋە ھەجۋى رەسىمگە ئوخشاش ئىككى ئومۇمىي كۈرۈنۈش ئىدى: ئالدىنقىسى بۇرژۇئا پادىشالىق تۈزۈمىدىكى تىپىك دۆلەت ئىدى، كېيىنكىسى بۇرژۇئا جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىدىكى تىپىك دۆلەت ئىدى، ئىككىسىلا ئۆزلىرىنى سىنىپىي كۈرەش بىلەنمۇ مۇناسىۋەتسىز، ياۋروپا ئىنقىلاۋى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتسىز دەپ ھېساپلايتتى.

ئەمدى، كىتاپخانلىرىمىز 1848-يىلى قاينام-تاشقىنلىق سىياسى شەكىل بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سىنىپىي كۈرەشنى كۆرگەندىن كېيىن، بىز بۇرژۇئازىيىنىڭ ياشاپ تۇرۇشى ئۈچۈنمۇ، ئۇنىڭ سىنىپىي ھۆكۈمرانلىقى ئۈچۈنمۇ شۇنداقلا ئىشچىلارنىڭ قۇللۇق ئورنىدا تۇرۇشى ئۈچۈنمۇ ئاساس بولۇپ تۇرغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئۆزىنى تېخىمۇ يېقىندىن كۆزىتىش ئۈچۈن مۇۋاپىق پەيت يېتىپ كەلدى، دەپ ئويلايمىز.

بۇنى تۆۋەندىكى 3 چوڭ قىسىمغا بۆلۈپ چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز: (1) **ياللانما ئەمگەكنىڭ كاپىتالغا** بولغان مۇناسىۋىتى، ئىشچىلارنىڭ قۇللۇق ئورنى، كاپىتالىستلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى؛ (2) **مەۋجۇت تۈزۈم شارائىتىدا ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە ۋە دېھقانلار تەبىقىسىنىڭ**[1] **يوقىلىش جەريانىنىڭ مۇقەررەر بولىدىغانلىقى؛** (3) **ياۋروپا ئەللىرى بۇرژۇئازىيىسىنىڭ سودا جەھەتتە** دۇنيا بازىرى زومىگەرى **ئەنگلىيىنىڭ قول قىلىشى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىغا ئۇچراش ئەھۋالى.**

---

① 1891-يىلدىكى نەشرىدە "دېھقانلار تەبىقىسىنىڭ" "شەھەر ئاھالىسى تەبىقىسى دەپ ئاتالغانلارنىڭ" دەپ ئۆزگەرتىلگەن. — تەھرىردىن

بىزمۇ كىتاپخانلىرىمىزنىڭ سىياسى ئىقتىسات جەھەتتە ئەقەللى ئۇقۇمىدىنمۇ خەۋەرى يوق دەپ قاراپ، ئىمكان قەدەر ئاددى ۋە چۈشىنىشلىك سۆزلەشكە تىرىشىمىز. بىزنىڭ ئۇمىدىمىز سۆزلىگەنلىرىمىزنى ئىشچىلار چۈشىنەلىسۇن، دېگەندىنلا ئىبارەت. ئۇنىڭ ئۈستىگە، گېرمانىيىنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئەڭ ئاددى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرمۇ زادىلا چۈشىنىلمەي ۋە ئىنتايىن گادىرماش چۈشىنىلىپ كەلمەكتە، مەۋجۇت تۈزۈمنىڭ ئالاھىدە رۇخسەت قىلىنغان ھىمايىچىلىرىدىن تارتىپ **ساختا سوتسىيالىزىمچىلار ۋە ئېتىراپ قىلىنمىغان تالانتلىق سىياسى ئەرباپلارغىچە** ھەممىسى شۇنداق، بۇنداق كىشىلەر چاك-چېكىدىن پارچىلىنىپ كەتكەن گېرمانىيىدە «بەگ-خوجىلار»دىنمۇ كۆپ.

ئاۋال بىرىنچى مەسىلە ئۈستىدە: **ئىش ھەققى دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق بەلگىلىنىدۇ؟** دېگەن مەسىلە ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئەگەر ئىشچىلاردىن: "سىلەرنىڭ ئىش ھەققىڭلار قانچە؟" دەپ سورالسا، بىرى: "مەن كۈنلۈك ئىشىمغا بۇرژۇئازدىن 1 فرانك[1] ئالىمەن" دەپ جاۋاپ بەرسە، يەنە بىرى: "مەن ئىككى فرانك ئالىمەن" دەپ جاۋاپ بېرىدۇ، ۋاھاكازا. ئۇلار ئىشلەيدىغان ئەمگەك تارماقلىرى ئوخشاش بولمىغاچقا، ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ مۇئەييەن ۋاقىت ئەمگەك قىلغانلىقى ياكى[2] مۇئەييەن ئىشنى

---

① 1 فرانك 8 پرۇسسىيە زىلبېرگروشىگە تەڭ كېلىدۇ. (1891-يىلدىكى نەشرىدە "فرانك" پۈتۈنلەي "مارك"قا ئۆزگەرتىلگەن. — تەھرىردىن)

② 1891-يىلدىكى نەشرىدە: "مۇئەييەن ۋاقىت ئەمگەك قىلغانلىقى ياكى" دېگەن سۆزلەر چىقىرىۋېتىلگەن. — تەھرىردىن

ئورۇنلىغانلىقلىرى (مەسىلەن، بىر چى ماتا توقۇغانلىغى ياكى بىر باسما تاۋاق ھەرپ تىزغانلىغى)غا قاراپ، بۇرژۇئاز خوجايىنلىرىدىن ئوخشاش بولمىغان مىقتاردا پۇل ئالىدۇ. گەرچە ئۇلارنىڭ ئالغان پۇلى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن شۇنىسى ئوخشاشكى، ئىش ھەققى مۇئەييەن ئەمگەك ۋاقتى ئۈچۈن ياكى مۇئەييەن ئىشنىڭ ئورۇنلانغانلىغى ئۈچۈن بۇرژۇئاز تۆلىگەن پۇل بولىدۇ.

دېمەك،① بۇرژۇئاز پۇلغا ئىشچىنىڭ ئەمگىگىنى **سېتىۋالىدۇ**. ئىشچى پۇل ئۈچۈن بۇرژۇئازغا ئۆزىنىڭ ئەمگىگىنى **ساتىدۇ**②. بۇرژۇئاز ئىشچىنىڭ ئەمگىگىنى سېتىۋالغان③ ھېلىقى پۇلغا، مەسىلەن ئېيتايلى، 2 فرانكقا 2 قاداق شېكەر ياكى مۇئەييەن مىقتاردا باشقا بىرەر شاڭپىن سېتىۋېلىشى مۇمكىن. ئۇ 2 قاداق شېكەر سېتىۋېلىشقا سەرپ قىلىنغان 2 فرانك 2 قاداق شېكەرنىڭ **باھاسى** بولىدۇ. ئۇ

---

① 1891 ـ يىلدىكى نەشرىدە "دېمەك" دېگەن سۆزنىڭ ئاخىرىسىغا: "قارىماققا گويا" دېگەن سۆز قوشۇلغان. ــ تەھرىردىن

② 1891 ـ يىلدىكى نەشرىدە "ئەمگىگىنى ساتىدۇ" دېگەن سۆزنىڭ ئاخىرىسىغا "لېكىن بۇ پەقەت يۈزەكى ئەھۋال. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار پۇل ئۈچۈن كاپىتالىستلارغا ئۆزىنىڭ ئەمگەك كۈچىنى ساتىدۇ. كاپىتالىست بۇ ئەمگەك كۈچىنى بىر كۈنلۈك، بىر ھەپتىلىك، بىر ئايلىق قاتارلىق موھلەت بىلەن سېتىۋالىدۇ. كاپىتالىست ئەمگەك كۈچىنى سېتىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى ئىستىمال قىلىدۇ، ئىشچىنى توختامدىكى موھلەت ئىچىدە ئەمگەك قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ" دېگەن سۆزلەر قوشۇلغان. ــ تەھرىردىن

③ 1891 ـ يىلدىكى نەشرىدە "بۇرژۇئاز ئىشچىنىڭ ئەمگىگىنى سېتىۋالغان" دېگەن سۆزلەر "كاپىتالىست ئىشچىنىڭ ئەمگەك كۈچىنى سېتىۋالغان" دەپ ئۆزگەرتىلگەن. ــ تەھرىردىن

12 سائەتلىك ئەمگەكنى[1] سىڭدۈرۈپ سەرپ قىلغان 2 فرانك 12 سائەتلىك ئەمگەكنىڭ باھاسى بولىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئەمگەك[2] بىر خىل شائىپىن، شىكەرگە ئوپمۇ-ئوخشاش شائىپىن. ئالدىنقىسى سائەت بويىچە ھېساپلانغان، كېيىنكىسى ئېغىرلىق مىقتارى بويىچە ھېساپلانغان.

ئىشچى ئۆزىنىڭ شائىپىننى، يەنى ئەمگىگىنى[3] كاپىتالىستىنىڭ شائىپىنىغا، يەنى پۇلغا ئالماشتۇرىدۇ، يەنە كېلىپ بۇنداق ئالماشتۇرۇش مۇئەييەن نىسبەت بويىچە بولىدۇ. مۇئەييەن مىقتاردىكى پۇلغا مۇئەييەن مىقتاردىكى ئەمگەك[4] ۋاقتى ئالماشتۇرۇلىدۇ. توقۇش ئىشچىسىنىڭ 12 سائەتلىك ئەمگىگى 2 فرانكقا ئالماشتۇرۇلىدۇ. بىراق، بۇ 2 فرانك 2 فرانكقا سىڭدۈرۈلىشقا بولىدىغان باشقا بارلىق شائىپىنلارغا ۋەكىللىك قىلالامدۇ؟ شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، ماھىيەتتە، ئىشچى ئۆزىنىڭ شائىپىننى، يەنى ئەمگىگىنى باشقا ھەر خىل-ھەر ياڭزا شائىپىنلارغا ئالماشتۇرىدۇ[5]، يەنە

---

① 1891-يىلدىكى نەشرىدە "ئەمگەكنى" دىگەن سوز "ئەمگەك كۈچىنى ئىستىمال قىلىش" دەپ ئۆزگەرتىلگەن. — تەھرىردىن

② 1891-يىلدىكى نەشرىدە "ئەمگەك" دىگەن سوز "ئەمگەك كۈچى" دەپ ئۆزگەرتىلگەن. — تەھرىردىن

③ 1891-يىلدىكى نەشرىدە "ئەمگىگىنى" دىگەن سوز "ئەمگەك كۈچىنى" دەپ ئۆزگەرتىلگەن. — تەھرىردىن

④ 1891-يىلدىكى نەشرىدە "ئەمگەك" دىگەن سوز "ئەمگەك كۈچىنى ئىستىمال قىلىش" دەپ ئۆزگەرتىلگەن. — تەھرىردىن

⑤ 1891-يىلدىكى نەشرىدە "ئەمگىگىنى باشقا ھەر خىل-ھەر ياڭزا شائىپىنلارغا ئالماشتۇرىدۇ" دىگەن سوزلەر "ئەمگەك كۈچىنى باشقا ھەر خىل-ھەر ياڭزا شائىپىنلارغا ئالماشتۇرىدۇ" دەپ ئۆزگەرتىلگەن. — تەھرىردىن

كېلىپ ئۇنى مۇئەييەن نىسبەت بويىچە ئالماشتۇرىدۇ. كاپىتالىست ئىشچىغا 2 فرانك تۆلىگەن بولسا، ئۇنىڭ ئەمگەك كۈنىگە ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا مۇئەييەن مىقداردا گۆش، مۇئەييەن مىقداردا كىيىم-كېچەك، مۇئەييەن مىقداردا ئوتۇن، مۇئەييەن مىقداردا چىراق ۋاھاكازالارنى بەرگەن بولىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، بۇ 2 فرانك ئەمگەكنىڭ[1] باشقا شاڭپىن بىلەن ئالماشتۇرۇلۇش نىسبىتىنى، يەنى ئۇنىڭ ئەمگەكنىڭ[1] **ئالماشتۇرۇش قىممىتىنى** ئىپادىلەيدۇ. شاڭپىن **پۇل** ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ئالماشتۇرۇش قىممىتى شاڭپىننىڭ **باھاسى** دەپ ئاتىلىدۇ. دېمەك، **ئىش ھەققى ئەمگەك باھاسىنىڭ**[2] ئالاھىدە نامىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئۇ كىشىنىڭ تېنى ۋە قېنىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان بۇنداق ئالاھىدە شاڭپىننىڭ باھاسىنىڭ ئالاھىدە نام بىلەن ئېيتىلىشى.

ھەرقانداق بىر ئىشچىنى، مەسىلەن، بىر توقۇش ئىشچىسىنى مىسالغا ئالايلى. بۇرژۇئاز[3] ئۇنىڭغا بىر توقۇش ماشىنىسى ۋە مەلۇم مىقداردا يىپ بېرىدۇ. توقۇش ئىشچىسى ئىشقا كىرىشىدۇ-دە، يىپ رەخت بولۇپ چىقىدۇ. بۇرژۇئاز[3] رەختنى ئېلىپ چىقىپ

---

① 1891-يىلدىكى نەشرىدە "ئەمگەكنىڭ" دېگەن سۆز "ئەمگەك كۈچىنىڭ" دەپ ئۆزگەرتىلگەن. — تەھرىردىن

② 1891-يىلدىكى نەشرىدە "ئەمگەك باھاسى" دېگەن سۆز "ئادەتتە ئەمگەك باھاسى دەپ ئاتالغان ئەمگەك كۈچى باھاسى" دەپ ئۆزگەرتىلگەن. — تەھرىردىن

③ 1891-يىلدىكى نەشرىدە "بۇرژۇئاز" دېگەن سۆز "كاپىتالىست" دەپ ئۆزگەرتىلگەن. — تەھرىردىن

ساتىدۇ، مەسىلەن 20 فرانكقا ساتىدۇ. توقۇش ئىشچىسىنىڭ ئىش ھەققى ئەشۇ رەختنىڭ **بىر ئۈلۈشى**، 20 فرانكنىڭ **بىر ئۈلۈشى**، ئۇنىڭ ئەمگەك مەھسۇلاتىنىڭ **بىر ئۈلۈشى** بولامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ. چۈنكى بۇ توقۇش ئىشچىسى مەزكۇر رەخت سېتىلىشتىن خېلىلا ئاۋال ھەتتا رەخت توقۇلۇپ بولۇشتىن خېلىلا ئاۋال ئىش ھەققىنى ئېلىپ بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن كاپىتالىست تولىگەن بۇ ئىش ھەققى ئۇنىڭ رەختنى سېتىپ تاپقان پۇلىدىن كەلگەن بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئىلگىرى جۇغلىغان پۇلىدىن كەلگەنلىكىنى كورۇۋالغىلى بولىدۇ. توقۇش ئىشچىسى بۇرژۇئازدىن ئېلىپ ئىشلەتكەن توقۇش ماشىنىسى ۋە يىپ ئۇزىنىڭ مەھسۇلاتى ئەمەس. خۇددى شۇنىڭدەك ئۇزىنىڭ شاگىپىنى، يەنى ئەمگىكىگە① ئالماشتۇرۇۋالغان شاگىپىنمۇ ئۇزىنىڭ مەھسۇلاتى ئەمەس. بۇرژۇئاز ئۇزىنىڭ رەختىگە خېرىدار تاپالماي قېلىشىمۇ مۇمكىن. ئۇنىڭ رەختنى سېتىپ تاپقان پۇلى ھەتتا ئىش ھەققى ئۇچۇن تولىگەن پۇلنى قاپلىيالماي قېلىشىمۇ مۇمكىن. ئۇنىڭ رەختنى سېتىپ تاپقان پۇلى توقۇش ئىشچىسىنىڭ ئىش ھەققىغە بەرگىنىدىن خېلى كوپ بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇلارنىڭ ھەممىسى توقۇش ئىشچىسى بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز. كاپىتالىستنىڭ ئۇزىنىڭ بىر قىسىم تەييار بايلىغىغا، يەنى بىر قىسىم كاپىتالىغا توقۇش ئىشچىسىنىڭ ئەمگىكىنى②سېتىۋالغانلىغى

① 1891 ـ يىلدىكى نەشرىدە "ئەمگىكىگە" دىگەن سوز "ئەمگەك كۈچىگە" دەپ ئۇزگەرتىلگەن. ـــ تەھرىردىن

② 1891 ـ يىلدىكى نەشرىدە "ئەمگىكىنى" دىگەن سوز "ئەمگەك كۈچىنى" دەپ ئۇزگەرتىلگەن. ـــ تەھرىردىن

ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ يەنە بىر قىسىم كاپىتالىغا خام ئەشيا (يىپ) ۋە ئەمگەك قورالى (توقۇش ماشىنىسى) سېتىۋالغىنىغا پۈتۈنلەي ئوخشاش. كاپىتالىست بۇ نەرسىلەرنى (جۈملىدىن رەخت ئىشلەپ-چىقىرىشقا زۆرۈر بولغان ئەمگەكنى①) سېتىۋالغاندىن كېيىن، **ئۆزىگىلا تەئەللۇق بولغان خام ئەشيا ۋە ئەمگەك قورالى** بىلەن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىدۇ. ئەلۋەتتە، بىزنىڭ بۇ ئاق نىيەتلىك توقۇش ئىشچىمىزمۇ ئەمدى ئەمگەك قوراللىرى قاتارىغا كىرىدۇ، ئۇنىڭمۇ، توقۇش ماشىنىسىغا ئوخشاشلا، مەھسۇلاتتا ياكى مەھسۇلات باھاسىدا ئۈلۈشى بولمايدۇ.

**دېمەك، ئىش ھەققى ئىشچى ئۆزى ئىشلەپچىقارغان شاڭپىندىن ئىگىلەيدىغان ئۈلۈش ئەمەس. ئىش ھەققى — مەۋجۇت شاڭپىننىڭ كاپىتالىست شاڭپىندىن مۇئەييەن مىقتاردا ئۈنۈملۈك ئەمگەكنى② سېتىۋېلىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان قىسمى.**

قىسقىسى، ئەمگەك③ بىر خىل شاڭپىن بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىگىسى، يەنى ياللانما ئىشچى تەرىپىدىن كاپىتالغا سېتىۋېتىلگەن بىر خىل شاڭپىن. ئىشچى ئۇنى نېمە ئۈچۈن ساتىدۇ؟ تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن ساتىدۇ.

---

① 1891-يىلدىكى نەشرىدە "ئەمگەكنى" دېگەن سۆز "ئەمگەك كۈچىنى" دەپ ئۆزگەرتىلگەن. — تەھرىردىن

② 1891-يىلدىكى نەشرىدە "ئەمگەكنى" دېگەن سۆز "ئەمگەك كۈچىنى" دەپ ئۆزگەرتىلگەن. — تەھرىردىن

③ 1891-يىلدىكى نەشرىدە "ئەمگەك" دېگەن سۆز "ئەمگەك كۈچى" دەپ ئۆزگەرتىلگەن. — تەھرىردىن

لېكىن①، ئەمگەك ــ ئىشچىنىڭ ئۆزىنىڭ تىرىكچىلىك پائالىيىتى، ئىشچىنىڭ ئۆزىنىڭ تىرىكچىلىكىنىڭ ئىپادىسى. ئىشچى ئۆزىگە زورۇر بولغان تۇرمۇش ۋاستىلىرىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈنلا، بۇ خىل تىرىكچىلىك پائالىيىتىنى باشقىلارغا ساتىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كورۇۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىشچىنىڭ تىرىكچىلىك پائالىيىتى پەقەتلا ئۇنىڭغا ياشاش ئىمكانىيىتى بېرىدىغان بىر خىل ۋاستە بولىدۇ. ئىشچى ياشاش ئۈچۈنلا ئىشلەيدۇ. ئۇ، ھەتتا ئەمگەكنى ئۆز ھاياتىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارىمايدۇ؛ ئەكسىچە، ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەمگەك ئۆزىنىڭ ھاياتىنى قۇربان قىلىش بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئەمگەك ئۇنىڭ باشقىلارغا ساتقان شائېپىنى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ پائالىيىتىنىڭ مەھسۇلىمۇ ئۇنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشتىكى مەقسىدى ئەمەس. ئىشچىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئىشلەپچىقارغىنى ئۆزى توقۇغان شايى ئەمەس، ئۆزى ئالتۇن كانىدىن قېزىپ ئالغان ئالتۇن ئەمەس، ئۆزى سالغان كاتتا بىنالار ئەمەس. ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئىشلەپ تاپىدىغىنى ئىش ھەققىدۇر، شايى، ئالتۇن، كاتتا بىنالار بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇئەييەن مىقتاردىكى تۇرمۇش ۋاستىلىرىگە، پاختا رەخت كىيىمگە، مىس پۇلغا، مەلۇم ئورۇندىكى گەمىدىن ئىبارەت تۇرار جايغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئىشچى كۈنىگە 12 سائەت رەخت توقۇيدۇ، يىپ ئىگىرىدۇ، بۇرغىلايدۇ، چاقچىلىق قىلىدۇ، بىناكارلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، قېزىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، تاش چاقىدۇ، ئېغىر يۈكلەرنى توشۇيدۇ ۋە شۇنىڭغا

① 1891 ـ يىلىدىكى نەشرىدە "لېكىن" دىگەن سوزنىڭ ئاخىرىسىغا: "ئەمگەك كۈچىنىڭ ئەمگەكتىكى ئىپادىسى" دىگەن سوز قوشۇلغان. ــ تەھرىردىن

ئوخشاش ئىشلارنى قىلىدۇ، ئۇ مۇشۇ 12 سائەتلىك توقۇش، ئىگىرىش، بۇرغىلاش، چاقلاش، بىناكارلىق بىلەن شۇغۇللىنىش، قېزىش، تاش چېقىشتىن ئىبارەت ئىشلارنى ئۆزىنىڭ تىرىكچىلىك ئىپادىسى، ئۆزىنىڭ ھاياتى، دەپ ھېساپلىيالامدۇ، يوق؟ دەل ئەكسىچە، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىپتقاندا، ھايات ئەنە شۇ پائالىيەتلەر توختىغاندىن كېيىن: جوزا يېنىدا تاماققا ئولتۇرغاندا، مەيخانىنىڭ پۈكپىي ئالدىغا بارغاندا، ئۇخلاش ئۈچۈن كارۋاتقا ياتقاندا، ئاندىن باشلىنىدۇ. ئۇنىڭ نەزىرىدە، 12 سائەتلىك ئەمگەكنىڭ ئەھمىيىتى رەخت توقۇش، يىپ ئىگىرىش، بۇرغىلاش ۋاھاكازالاردا ئەمەس، بەلكى بۇ پائالىيەتلەرنىڭ **پۇل تېپىشنىڭ** ئۇسۇلى بولغانلىقىدا، پۇل تېپىش ئۇنى تاماق يېيىش، ھاراق ئىچىش، ئۇخلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالايدۇ. ئەگەر پىلە قۇرۇتى ئۆزىنىڭ ھاياتىنى تەمىنلەش ئۈچۈن يىپەك تارتىپ غوزىلىسا ئىدى، ئۇ ھالدا، ئۇ ھەقىقەتەن بىر ياللانما ئىشچى بولغان بولاتتى.

ئەمگەك[1] ھەمىشە **شاڭپىن** بولىۋەرمىگەن. ئەمگەك ھەمىشە ياللانما ئەمگەك، يەنى **ئەركىن** ئەمگەك بولىۋەرمىگەن. ھوكۇز ئۆز ئەمگىكىنى دېخانغا ساتمىغىنىغا ئوخشاش، **قۇلمۇ** ئۆز ئەمگىكىنى[2] قۇلدارغا ساتمىغان. قۇل ئۆزىنىڭ ئەمگىكى[3] بىلەن بىللە ئۆز خوجايىنىغا بىراقلا مەڭگۈ سېتىلغان. قۇل — بىر مۈلۈك-

---

[1] 1891-يىلدىكى نەشرىدە "ئەمگەك" دىگەن سوز "ئەمگەك كۈچى" دەپ ئۆزگەرتىلگەن. — تەھرىردىن

[2] 1891-يىلدىكى نەشرىدە "ئەمگىكىنى" دىگەن سوز "ئەمگەك كۈچىنى" دەپ ئۆزگەرتىلگەن. — تەھرىردىن

[3] 1891-يىلدىكى نەشرىدە "ئەمگىكى" دىگەن سوز "ئەمگەك كۈچى" دەپ ئۆزگەرتىلگەن. — تەھرىردىن

دارنىڭ قولىدىن يەنە بىر مۇلۇكدارنىڭ قولىغا ئۆتىدىغان شائىپىن. قۇلنىڭ **ئۆزى** شائىپىن، لېكىن ئەمگىكى① **ئۇنىڭ** شائىپىنى ئەمەس. **نۆكىنۇ** ئۆزىنىڭ بىر قىسىم ئەمگىكىنىلا② ساتىدۇ. ئۇ يەر ئىگىسىدىن ھەق ئالمايدۇ؛ ئەكسىچە، يەر ئىگىسى ئۇنىڭدىن تارتۇق – سېلىق ئالىدۇ. نۆكىنۇ يەرنىڭ بېقىندىسى بولۇپ، يەر ئىگىسىگە ھوسۇل ئېلىپ بېرىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، **ئەركىن ئىشچى** ئۆزىنى ئۆزى ساتىدۇ، ساتقاندىمۇ پارچە – پارچە ساتىدۇ. ئۇ ھەركۈنى ئۆز ھاياتىنىڭ 8 سائەتلىك، 10 سائەتلىك، 12 سائەتلىك، 15 سائەتلىك ۋاقتىنى كىم ئارتۇق قىلىپ، پۇلنى ھەممىدىن كوپ بەرگەن كىشىگە ساتىدۇ، خام ئەشيا، ئەمگەك قورالى ۋە تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىڭ ئىگىسىگە، يەنى كاپىتالىستقا كىم ئارتۇق قىلىپ ساتىدۇ. ئىشچى خۇسۇسى مۇلۇكدارغىمۇ، يەرگىمۇ تەئەللۇق ئەمەس، لېكىن ئۇنىڭ كۈندىلىك ھاياتىنىڭ 8 سائەتلىك، 10 سائەتلىك، 12 سائەتلىك، 15 سائەتلىك ۋاقتى ئۇنى سېتىۋالغۇچىغا تەئەللۇق. ئىشچى ئىختىيار قىلسا، ئۆزىنى ياللىغان كاپىتالىستنى تاشلاپ كېتىۋېرىدۇ، كاپىتالىستمۇ خالىغان ۋاقىتتا ئىشچىنى بوشىتىۋېتىدۇ، ئىشچى كاپىتالىستقا پايدا كەلتۈرۈپ بەرمىسە، ياكى ئۇنى ئۆزىنىڭ كۆتكىنىدەك پايدىغا ئىگە قىلالمىسا، كاپىتالىست ئۇنى بوشىتىۋېتىدۇ. لېكىن، ئىشچى ئۆزىنىڭ ئەمگىكىنى③ سېتىشنى ئۆزىنىڭ

① 1891 – يىلدىكى نەشرىدە "ئەمگىكى" دىگەن سوز "ئەمگەك كۈچى" دەپ ئۆزگەرتىلگەن. — تەھرىردىن

② 1891 – يىلدىكى نەشرىدە "ئەمگىكىنىلا" دىگەن سوز "ئەمگەك كۈچىنىلا" دەپ ئۆزگەرتىلگەن. — تەھرىردىن

③ 1891 – يىلدىكى نەشرىدە "ئەمگىكىنى" دىگەن سوز "ئەمگەك كۈچىنى" دەپ ئۆزگەرتىلگەن. — تەھرىردىن

ئىش ھەققىنىڭ بىردىن-بىر مەنبەسى قىلىدۇ، ئەگەر ئۇ ئاچلىق-تىن ئۆلۈشنى خالىمايدىكەن، **پۈتكۈل سېتىۋالغۇچىلار سىنىپىنى، يەنى كاپىتالىستلار سىنىپىنى** تاشلاپ كېتەلمەيدۇ. **ئىشچى بىرەر بۇرژۇئازىغا تەئەللۇق ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل بۇرژۇئازىيىگە تەئەللۇق**①؛ ئىشچىنىڭ ئۆزىگە يالىلغۇچىنى تېپىشى، يەنى بۇرژۇئازىيە② ئىچىدىن بىرەر خېرىدار تېپىشىغا كەلسەك، ئۇ ئىشچىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى.

ئەمدى، كاپىتال بىلەن يالانما ئەمگەك ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۈستىدە تېخىمۇ تەپسىلىرەك توختىلىشتىن ئاۋال، ئىش ھەققىنى بەلگىلەشتە رول ئوينايدىغان بەزى ئومۇمىراق بولغان شەرتلەرنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

**ئىش ھەققى مۇئەييەن شاڭپىننىڭ** — ئەمگەكنىڭ③ **باھاسى** ئىكەنلىكىنى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتتۇق. دېمەك، ئىش ھەققى باشقا بارلىق شاڭپىنلارنىڭ باھاسىنى بەلگىلەيدىغان قانۇنىيەت تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

ئۇنداق بولسا، خوش، **شاڭپىننىڭ باھاسى قانداق بەلگىلىنىدۇ؟**

---

① 1891-يىلدىكى نەشرىدە "بىرەر بۇرژۇئازىغا تەئەللۇق ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل بۇرژۇئازىيىگە تەئەللۇق" دېگەن سۆزلەر "بىرەر كاپىتالىستقا تەئەللۇق ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل كاپىتالىستلار سىنىپىغا تەئەللۇق" دەپ ئۆزگەرتىلگەن. — تەھرىردىن

② 1891-يىلدىكى نەشرىدە "بۇرژۇئازىيە» دېگەن سۆز "كاپىتالىستلار سىنىپى" دەپ ئۆزگەرتىلگەن. — تەھرىردىن

③ 1891-يىلدىكى نەشرىدە "ئەمگەكنىڭ" دېگەن سۆز "ئەمگەك كۈچىنىڭ" دەپ ئۆزگەرتىلگەن. — تەھرىردىن

## 2

**كيۇلىن**، 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى. شاگىپىنىنىڭ **باھاسى** نېمىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ؟

خېرىدار بىلەن ساتقۇچى ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەتتە، يەنى تەمىنلەش بىلەن تەلەپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە قاراپ بەلگىلىنىدۇ. شاگىپىنىنىڭ باھاسىنى بەلگىلەيدىغان رىقابەت **3 تەرەپتىن** بولىدۇ.

ئوخشاش بىر خىل شاگىپىن ئوخشاش بولمىغان بىرمۇنچە ساتقۇچىلار تەرىپىدىن تەمىنلىنىدۇ. كىمكى سۈپىتى ئوخشاش شاگىپىنىنى ئەڭ ئەرزەن باھادا ساتسا، شۇ چوقۇم باشقا ساتقۇچىلارنى يېڭىپ، ئۆزىنىڭ شاگىپىنىنىڭ ئەڭ كۆپ سېتىلىشىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ساتقۇچىلار ئوتتۇرىسىدا شاگىپىن سېتىش يولى تالىشىش، بازار تالىشىش كۈرىشى بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى شاگىپىنىنى سېتىش كويىدا بولىدۇ، ئىمكان قەدەر كۆپرەك سېتىش كويىدا بولىدۇ، مۇمكىن قەدەر باشقا ساتقۇچىلارنى چەتكە قېقىپ، تەنھا ئۆزىلا سېتىش كويىدا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرسى يەنە بىرسىگە قارىغاندا ئەرزەنرەك ساتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن **ساتقۇچىلار ئوتتۇرىسىدا رىقابەت** تۇغۇلىدۇ، بۇنداق رىقابەت ئۇلار تەمىنلەيدىغان شاگىپىنىنىڭ باھاسىنى **تۆۋەنلىتىدۇ.**

لېكىن **خېرىدارلار ئوتتۇرىسىدا** ئوخشاشلا **رىقابەت** بولىدۇ، بۇنداق رىقابەت، ئۆز نۆۋىتىدە، تەمىنلىنىدىغان شاگىپىنىنىڭ

باھاسىنى ئۆستۈردى.

ئاخىردا، خېرىدار بىلەن ساتقۇچى ئوتتۇرىسىدىمۇ رىقابەت بولىدۇ. ئالدىنقىسى ئىمكان قەدەر ئەرزەنرەك ئېلىش كويىدا بولسا، كېيىنكىسى ئىمكان قەدەر قىممەترەك سېتىش كويىدا بولىدۇ. خېرىدار بىلەن ساتقۇچى ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق رىقابەتنىڭ نەتىجىسى قانداق بولىدىغانلىقى يۇقىرىدا ئېيتىلغان رىقابەتلەشكەن ئىككى تەرەپنىڭ سېلىشتۇرما مۇناسىۋىتىنىڭ قانداقلىقىغا، يەنى خېرىدارلار لاگېرىدىكى رىقابەت جىددىيرەكمۇ، ياكى ساتقۇچىلار لاگېرىدىكى رىقابەت جىددىيرەكمۇ، — مانا شۇنىڭغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. سانائەت بۇ ئىككى ئارمىيىنى جەڭ مەيدانىغا ئېلىپ چىقىپ بىر بىرىگە قارىمۇ-قارشى قىلىپ قويىدۇ، بۇ ئارمىيىنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ توقۇنۇشلار بولۇپ تۇرىدۇ. ئىچكى قىسمىدا توقۇنۇش ئازراق بولغىنى رەقىبىنى يېڭىپ چىقىدۇ.

بازارغا 100 تاي پاختا كەلدى، خېرىدارلارغا مىڭ تاي پاختا كېرەك دەپ پەرەز قىلايلى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، تەلەپ تەمىنلەشكە قارىغاندا 10 ھەسسە ئارتۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، خېرىدارلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت ناھايىتى جىددىي بولىدۇ؛ ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ھېچ بولمىغاندا بىرەر تايدىن ئېلىشقا كۈچىنىڭ بېرىچە ئامال قىلىدۇ، ئەگەر مۇمكىن بولسا، 100 تاينىڭ ھەممىسىنى قولىغا كىرگۈزۈشكە تىرىشىدۇ. بۇ خالىغانچە ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان مىسال ئەمەس. سودا تارىخىدا پاختا مەھسۇلاتى كېمىيىپ كەتكەن شۇنداق ۋاقىتلارمۇ بولغان ئىدىكى، شۇ ۋاقىتلاردا بىرنەچچە كاپىتالىست ئوزئارا ئىتتىپاق تۈزۈۋېلىپ، 100

تاي پاختىنىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيادىكى پاختا زاپىسىنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋېلىش كويىدا بولغان. شۇنداق قىلىپ، بىز يۇقۇرىدا بايان قىلغاندەك ئەھۋال ئاستىدا، خېرىدارلارنىڭ ھەممىسى بىر بىرىنى چەتكە قېقىپ، ھەر بىر تاي پاختىنى يۇقۇرىراق باھادا سېتىۋېلىشقا تىرىشىدۇ. پاختا ساتقۇچىلار رەقىبلەر قوشۇنى ئىچىدە ئىنتايىن جىددى ئىچكى توقۇنۇش بولۇۋاتقانلىقىنى كورۇپ ۋە ئوزىنىڭ 100 تاي پاختىسىنى تامامەن ساتالايدىغانلىقىغا تولۇق ئىشىنىپ، رەقىبلىرى رىقابەتلىشىپ باھانى ئوستۇرگەن ۋاقىتتا ئوز شاگىپىنلىرىنىڭ باھاسىنىڭ توۋەن بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش مەقسىدىدە، ئوزلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا جاگجال چىقىپ قېلىشىدىن قاتتىق ساقلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ساتقۇچىلار لاگېرىدا بىردىنلا تېچلىق پەيدا بولىدۇ. ئۇلار خۇددى **بىر كىشىدەك** بولۇپ، مەغرۇر قىياپەتتە خېرىدارلار بىلەن قارشىلىشىشقا باشلايدۇ؛ قىزىپ كەتكەن خېرىدارنىڭ قويغان باھاسىنىڭ مۇئەييەن چېكى بولمايدىغانلا بولسا، ساتقۇچىنىڭ نەپسىنىڭمۇ چېكى بولمايدۇ.

دېمەك، مەلۇم شاگىپىن بىلەن تەمىنلەش ئۇنىڭغا بولغان تەلەپتىن توۋەن بولسا، ئۇ ھالدا، بۇ خىل شاگىپىننى ساتقۇچىلار ئوتتۇرىسىدا رىقابەت ئاجىز بولىدۇ، ھەتتا پەقەت رىقابەت بولمايدۇ. ساتقۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت مەلۇم دەرىجىدە ئاجىزلاشسا، خېرىدارلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت مەلۇم دەرىجىدە جىددىلىشىدۇ. نەتىجىدە، شاگىپىن باھاسى كوزگە كورۇنەرلىك ھالدا ئازدۇر - كوپتۇر ئورلەيدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، كوپىنچە، بۇنىڭ ئەكسىچە بولغان، ئاقى-

ۋىتىمۇ ئەكسىچە بولغان ئەھۋاللار يۇزبېرىپ تۇرىدۇ: تەمىنلەش تەلەپتىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كېتىدۇ، ساتقۇچىلار ئوتتۇرىسىدا قاتتىق رىقابەت بولىدۇ، خېرىدارلار ئازلاپ كېتىدۇ، شاگىپىن ئەرزەن باھادا سېتىلىپ كېتىدۇ.

خوش، باھانىڭ ئورلىشى ۋە چۇشۇشى دىگەن نىمە؟ يۇقۇرى باھا ۋە تۆۋەن باھا دىگەن نىمە؟ قۇم دانچىسى شيەنۋېيجىڭ ئارقىلىق قارىغاندا ئىگىز كورۇنىدۇ، مۇنار تاققا قارىغاندا پەس بولىدۇ. باھا تەمىنلەش بىلەن تەلەپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە قاراپ بەلگىلەنگەن ئىكەن، ئۇ ھالدا، تەمىنلەش بىلەن تەلەپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت نىمىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ؟

بىز بۇنى ئۇدۇل كەلگەن بىر بۇرژۇئازدىن سوراپ كورەيلى. ئۇ بۇ شىگىبىرشاگشۇبىلىك تۇگۇنىنى، خۇددى يېگىمىدىن تەختكە ئولتۇرغان بۇيۇك ئالېكساندىر ماكېدونسكىغا ئوخشاش، ھەرگىز ئىككىلەنمەستىنلا دەرھال كەررە جەدۋىلىدىن پايدىلىنىپ يېشىپ بېرىدۇ. ئۇ بىزگە مۇنداق دىيىشى مۇمكىن: ئەگەر مەن سېتىۋاتقان بۇ شاگىپىنىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى 100 فرانك بولسا، مەن ئۇنى 110 فرانكقا ساتسام (تەبىئىكى بىر يىل ئوتكەندىن كېيىن)، ئۇ ھالدا، ئادەتتىكىدەك، راستچىللىق بىلەن، ھالال پايدا ئالغان بولىمەن. ئەگەر مەن ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق 120 فرانك، ياكى 130 فرانكقا ئېرىشكەن بولسام، يۇقۇرى پايدا ئالغان بولىمەن. ئەگەر مەن توپ ـ توغرا 200 فرانكقا ئېرىشكەن بولسام، ئۇ چاغدا، پەۋقۇلئاددە يۇقۇرى پايدا ئالغان بولۇپ قېلىشىم مۇمكىن. بۇ بۇرژۇئاز ئۇچۇن ئېيتقاندا پايدىنى ئولچەيدىغان ئولچەم زادى نىمە؟ ئولچەم ئۇنىڭ شاگىپىنىغا سەرپ قىلغان **ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى**. ئەگەر

ئۇ ئۆزىنىڭ شاگىپىنىنى مۇئەييەن مىقتاردىكى باشقا بىر خىل شاگىپىنغا ئالماشتۇرغان بولۇپ، بۇ شاگىپىنغا سەرپ قىلىنغان ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى ئۇنىڭ شاگىپىنغا سەرپ قىلىنغان ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىدىن ئاز بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ زىيان تارتقان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ شاگىپىنغا ئالماشتۇرغان مۇئەييەن مىقتاردىكى شاگىپىنغا سەرپ قىلىنغان ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى ئۇنىڭ شاگىپىنغا سەرپ قىلىنغان ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىدىن كۆپ بولغان بولسا، ئۇ پايدا ئالغان بولىدۇ. ئۇ ئىشلەپچىقىرىش **خىراجىتىنى** نول گىرادۇس قىلىدۇ، ئالىدىغان پايدىسىنىڭ يۇقۇرى ياكى تۆۋەن بولۇشىنى ئۆز شاگىپىنىنىڭ ئالماشتۇرۇش قىممىتىنىڭ نول گىرادۇستىن قانچىلىك يۇقۇرى ياكى قانچىلىك تۆۋەن بولغانلىقىغا قاراپ ئۆلچەيدۇ.

بۇنىڭدىن شۇنى كورۇۋېلىشقا بولىدۇكى، تەمىنلەش بىلەن تەلەپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئۆزگىرىشى باھانىڭ ئۆرلەپ كېتىشى ياكى چۈشۈپ كېتىشىنى، باھانىڭ يۇقۇرى بولۇشى ياكى تۆۋەن بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئەگەر تەمىنلەشنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقى ياكى تەلەپنىڭ شىددەت بىلەن ئېشىپ كېتىشى سەۋەبىدىن مەلۇم بىر خىل شاگىپىنىڭ باھاسى زور دەرىجىدە ئۆرلەپ كەتسە، باشقا بىر خىل شاگىپىنىڭ باھاسى، ئەلۋەتتە، شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا تۆۋەنلەپ كېتىدۇ، چۈنكى بىرەر شاگىپىنىڭ باھاسى باشقا شاگىپىنلارنىڭ مەزكۇر شاگىپىنغا ئالماشتۇرۇلۇش نىسبىتىنىڭ پۇل ئارقىلىق ئىپادىلىنىشىدىنلا ئىبارەت. مەسىلەن، ئەگەر بىر چى شايىنىڭ باھاسى 5 فرانكتىن 6 فرانكقا چىقسا، ئۇ ھالدا، كۈمۈشنىڭ

باھاسى شايىغا نىسبەتەن چۈشكەن بولىدۇ، باشقا بارلىق شاڭپىنلارمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولىدۇ، گەرچە ئۇلارنىڭ باھاسى ئۆزگەرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن شايىغا سېلىشتۇرۇلغاندا باھاسى چۈشۈپ كەتكەن بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا مىقتار جەھەتتە ئاۋالقى بىلەن باراۋەر شايى ئېلىش ئۈچۈن تېخىمۇ كوپ مىقتاردا شاڭپىن بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

شاڭپىن باھاسىنىڭ ئورلەپ كېتىشى قانداق ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؟ نۇرغۇنلىغان كاپىتال گۇللەپ-ياشناۋاتقان سانائەت تارماقلىرىغا ئىنتىلىدۇ، كاپىتالنىڭ كوپرەك پايدا بېرىدىغان سانائەت تارماقلىرىغا ئېقىش ئەھۋالى مۇشۇ تارماقلارنىڭ پايدىسى ئادەتتىكى سەۋىيىگە چۈشكىچە داۋاملىشىدۇ، ياكى توغرىراق قىلىپ ئېيتقاندا، شۇ تارماقلاردا ئىشلەپچىقىرىش ئوشۇقچىلىقى سەۋىيىدىن بۇ تارماقلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىدىن تۆۋەنلەپ كەتكەنگە قەدەر داۋاملىشىدۇ.

ئەكسىچە، ئەگەر بىرەر شاڭپىننىڭ باھاسى ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىدىن تۆۋەنلەپ كېتىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، كاپىتال شۇ خىل شاڭپىننى ئىشلەپچىقىرىدىغان تارماقتىن چىقىپ كېتىدۇ. مەزكۇر سانائەت تارماقلىرىنىڭ دەۋرنىڭ تەلىۋىگە ئۇيغۇنلىشالماي ئوز-ئوزىدىن ھالاك بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، شۇ خىل شاڭپىننى ئىشلەپچىقىرىش. يەنى شۇ خىل شاڭپىن بىلەن تەمىنلەش كاپىتالنىڭ ئەنە شۇنداق چىقىپ كېتىۋېرىشى تۆپەيلىدىن ئازىيىپ بارىدۇ، بۇ ھال مەزكۇر شاڭپىن بىلەن تەمىنلەش ئۇنىڭغا بولغان تەلەپ بىلەن ماسلىشالايدىغان بولغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ، يەنى مەزكۇر شاڭپىننىڭ باھاسى قايتىدىن ئورلەپ

ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى سەۋىيىسىگە يەتكىچە، ياكى توغرىراق قىلىپ ئېيتقاندا، تەمىنلەش تەلەپتىن تۆۋەن بولغىچە، يەنى شاگىپىننىڭ باھاسى يەنە ئۆرلەپ ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىدىن يۇقىرى بولغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ، چۈنكى **شاگىپىننىڭ جارى باھاسى ھامان ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىدىن يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولۇپ تۇرىدۇ.**

بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، كاپىتال ئۈزلۈكسىز تۈردە بىر ئىشلەپچىقىرىش تارمىقىدىن يەنە بىر ئىشلەپچىقىرىش تارمىقىغا ئېقىپ تۇرىدۇ ياكى ئۇنىڭدىن چىقىپ تۇرىدۇ. باھا يۇقىرى بولسا، كاپىتالنىڭ شىددەت بىلەن ئېقىپ كىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، باھا تۆۋەن بولسا، كاپىتالنىڭ شىددەت بىلەن چىقىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

مەسىلىنى باشقا نۇقتىدىن مۇلاھىزە قىلساق، تەمىنلەشنىلا ئەمەس، تەلەپنىمۇ ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى بەلگىلەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيتتۇق. بىراق، ئۇنداق قىلساق، تېمىدىن بەك چەتلەپ كەتكەن بولىمىز.

بىز تەلەپ بىلەن تەمىنلەشتىكى ھەر بىر قېتىملىق داۋالغۇشنىڭ شاگىپىننىڭ باھاسىنى ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى سەۋىيىسىگە ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ھېلىلا ئېيتىپ ئۆتتۇق. دەرۋەقە، **شاگىپىننىڭ ھەقىقى باھاسى ھەرقاچان بىر تۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىدىن يۇقىرى، بىر تۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىدىن تۆۋەن بولۇپ تۇرىدۇ؛ لېكىن، يۇقىرى ئۆرلەش بىلەن تۆۋەن چۈشۈش بىر بىرىنى قاپلاپ تۇرىدۇ**، شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇئەييەن ۋاقىت ئىچىدە، ئەگەر سانائەتتىكى كاپىتالنىڭ ئېقىپ كىرىشى ياكى

چىقىشىنى ئومۇملاشتۇرۇپ قارايدىغان بولساق، تۈرلۈك شاڭپىنلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىگە بېقىنغان ھالدا ئۆزئارا ئالمىشىپ تۇرىدىغانلىقىنى، دېمەك، ئۇلارنىڭ باھاسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىگە قاراپ بەلگىلىنىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

باھانىڭ ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىگە قاراپ بەلگىلىنىدىغانلىقىنى ئىقتىساتشۇناسلار چۈشەنگەن مەنىدە چۈشەنمەسلىك كېرەك. ئىقتىساتشۇناسلار: شاڭپىننىڭ **ئوتتۇرىچە باھاسى** ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىگە باراۋەر، دېيىشىدۇ؛ ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇ بىر **قانۇنىيەت**. ئۇلار باھانىڭ ئۆرلىشىنى باھانىڭ تۆۋەنلىشى قاپلايدىغان، تۆۋەنلىشىنى ئۆرلىشى قاپلايدىغان بۇنداق ھوكۇمەتسىزلىك ھالىتىنى ئۆزگىرىشنى تاسادىپىي ھادىسە دەپ قارايدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئوخشاشلا باھانىڭ داۋالغۇپ تۇرۇشىنى قانۇنىيەت دەپ قاراپ، باھانىڭ ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغانلىقىنى بولسا تاسادىپىي ھادىسە دەپ قاراشمۇ مۇمكىن (باشقا بەزى ئىقتىساتشۇناسلار دەل شۇنداق قارىدى) لېكىن ئەمەلىيەتتە، شۇنداق داۋالغۇپ تۇرۇش جەريانىدىلا، باھا ئاندىن ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ؛ ئىنچىكىلىك بىلەن تەھلىل قىلساقلا، بۇنداق داۋالغۇشنىڭ ئىنتايىن قورقۇنچلۇق بۇزغۇنچىلىق رول ئوينايدىغانلىقىنى ۋە يەر تەۋرىگەنگە ئوخشاش بۇرژۇئا جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىنى لەرزىگە كەلتۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇنداق تەرتىپسىز ھالەتنىڭ ئومۇمىي ھەركىتى ئۇنىڭ تەرتىۋى ھېساپلىنىدۇ. سانائەتتىكى بۇنداق ھوكۇمەتسىزلىك ھالەتنىڭ بىرىشى جەريانىدا، بۇنداق دەۋرىيلىك ھەركەت داۋامىدا، رىقابەت بىر قۇتۇپ ئارقىلىق

يەنە بىر قۇتۇپنى قاپلايدۇ دېيىشكە بولىدۇ.

دېمەك، شاڭپىن باھاسى ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى تەرىپىدىن شۇ تەرىقىدە بەلگىلىنىدۇكى، مەلۇم مەزگىلدە مەلۇم بىر خىل شاڭپىننىڭ باھاسى ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىدىن ئېشىپ كېتىدۇ، يەنە بىر مەزگىلدە بولسا ئۇنىڭ باھاسى ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىدىن تۆۋەن بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن باھا خىراجەتتىن ئېشىپ كەتكەن مەزگىل قاپلىنىپ كېتىدۇ، ئەكسىچە بولغاندىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئەلۋەتتە، ئايرىم سانائەتنىڭ مەھسۇلاتىغا نىسبەتەن شۇنداق بولماستىن، بەلكى پۈتۈن سانائەت تارماقلىرىغا نىسبەتەن شۇنداق بولىدۇ. دېمەك، ئوخشاشلا ئايرىم سانائەتچىلەر ئۈچۈن شۇنداق بولماستىن، بەلكى پۈتۈن سانائەتچىلەر سىنىپى ئۈچۈنلا شۇنداق بولىدۇ.

باھا ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ دېگەنلىك باھا شاڭپىننى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئەمگەك ۋاقتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ دېگەنلىك بولىدۇ، چۈنكى ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى تۆۋەندىكىلەردىن تەركىب تاپىدۇ: (1) خام ئەشيا ۋە ئەمگەك قوراللىرى[1]، يەنى مۇئەييەن مىقداردا ئىش كۈنى سەرپ قىلىنىپ ئىشلەپچىقىرىلغان ۋە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مۇئەييەن مىقداردىكى ئەمگەك ۋاقتىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان سانائەت مەھسۇلاتلىرى؛ (2) بىۋاستە ئەمگەك، بۇمۇ ۋاقىت بىلەن ھېساپلىنىدۇ.

ئومۇمەن شاڭپىن باھاسىنى تەڭشەيدىغان ئەڭ ئومۇمى قانۇنىيەت، ئەلۋەتتە، ئوخشاشلا **ئىش ھەققىنى** تەڭشەيدۇ، يەنى

[1] 1891-يىلدىكى نەشرىدە "ئەمگەك قوراللىرى" دېگەن سۆز "ئەمگەك قوراللىرىنىڭ ئۇپرىغان قىسمى" دەپ ئۆزگەرتىلگەن. — تەھرىردىن

**ئەمگەك باھاسىنى** تەڭشەيدۇ.

ئەمگەك ھەققىنىڭ ھېلى ئۆرلەپ، ھېلى پەسىيىپ تۇرۇشى تەمىنلەش بىلەن تەلەپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە باغلىق، ئەمگەكنى① سېتىۋالىدىغان كاپىتالىست بىلەن ئەمگەكنى② ساتىدىغان ئىشچى ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت ئەھۋالىغا باغلىق بولىدۇ. ئىش ھەققىنىڭ داۋالغۇپ تۇرۇشى ئومۇمەن شاڭپىن باھاسىنىڭ داۋالغۇپ تۇرۇشىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. بىراق، **بۇنداق داۋالغۇپ تۇرۇش دائىرىسىدە ئەمگەكنىڭ باھاسى ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىگە، يەنى ئەمگەكتىن③ ئىبارەت بۇ شاڭپىننى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئەمگەك ۋاقتىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ.**

**ئۇ ھالدا، ئەمگەكنىڭ④ ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش خىراجىتى زادى نىمە بولىدۇ؟**

**بۇ — ئىشچىنى ئىشچى سۈپىتىدە ساقلاپ قېلىش ھەمدە ئۇنى ئىشچى قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان خىراجەتلەر.**

شۇڭا، بىرەر ئەمگەكنى ئۆگىنىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ۋاقىت قانچە ئاز بولسا، ئىشچىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش خىراجىتىمۇ

---

① 1891-يىلدىكى نەشرىدە "ئەمگەكنى" دىگەن سۆز "ئەمگەك كۈچىنى" دەپ ئۆزگەرتىلگەن. — تەھرىردىن

② 1891-يىلدىكى نەشرىدە "ئەمگەكنى" دىگەن سۆز "ئەمگەك كۈچىنى" دەپ ئۆزگەرتىلگەن. — تەھرىردىن

③ 1891-يىلدىكى نەشرىدە "ئەمگەكتىن" دىگەن سۆز "ئەمگەك كۈچىدىن" دەپ ئۆزگەرتىلگەن. — تەھرىردىن

④ 1891-يىلدىكى نەشرىدە "ئەمگەكنىڭ" دىگەن سۆز "ئەمگەك كۈچىنىڭ" دەپ ئۆزگەرتىلگەن. — تەھرىردىن

شۇنچە ئاز بولىدۇ، ئۇنىڭ ئەمگىكىنىڭ باھاسى، يەنى ئۇنىڭ ئىش ھەققىمۇ شۇنچە تۆۋەن بولىدۇ. ئەمگەكنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ھېچقانچە ۋاقىت زورۇر بولمايدىغان، ئىشچىنىڭ جىسمانى جەھەتتىن مەۋجۇت بولۇشىلا كۇپايە قىلىدىغان سانائەت تارماقلىرىدا، ئىشچىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن زورۇر بولغان ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى، پەقەت ئىشچىنىڭ ھاياتىنى① ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن زورۇر بولغان شائىپىنىدىن ئىبارەت دىگۈدەكلا بولىدۇ. **شۇڭا، ئىشچىنىڭ ئەمگىكىنىڭ باھاسى زورۇر بولغان تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىڭ باھاسى** بەلگىلەيدۇ.

بىراق، بۇ يەردە يەنە بىر خىل ئەھۋالنىمۇ ئېتىۋارغا ئېلىش كېرەك.

زاۋۇت ئىگىسى ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىنى ھېساپلىغان ھەمدە بۇ خىراجەتكە قاراپ مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسىنىمۇ ھېساپلىغان چاغدا، ئەمگەك قوراللىرىنىڭ ئۇپرىشىنىمۇ ئۇنىڭغا قوشۇپ ھېساپلايدۇ. مەسىلەن، بىر ماشىنىنىڭ قىممىتى مىڭ فرانكقا توختىغان بولسا، ئۇنىڭ ئىشلەش ۋاقتى 10 يىل بولسا، زاۋۇت ئىگىسى 10 يىل توشقاندا كاردىن چىققان ماشىنا ئورنىغا يېڭى ماشىنا ئۇندۇرۇۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، شائىپىنىنىڭ باھاسىغا ھەر يىلى 100 فرانك قوشۇپ بارىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئاددى ئەمگەككە② كېتىدىغان ئىشلەپچىقىرىش خىرا-

---

① 1891 ـ يىلدىكى نەشرىدە "ھاياتىنى" دىگەن سوزنىڭ ئاخىرىسىغا "ۋە ئۇنىڭ ئەمگەك قابىلىيىتىنى" دىگەن سوز قوشۇلغان. — تەھرىردىن

② 1891 ـ يىلدىكى نەشرىدە "ئەمگەككە" دىگەن سوز "ئەمگەك كۈچىگە" دەپ ئۆزگەرتىلگەن. — تەھرىردىن

جىتى ئىچىگە ئىشچىنىڭ نەسلىنى داۋاملاشتۇرۇش خىراجىتىمۇ، يەنى ئىشچىلار سىنىپىغا نەسلىنى ئاۋۇتۇش ۋە ئەمگەك قابىلىيىتىدىن ئايرىلغان ئىشچىلارنىڭ ئورنىنى يېڭى ئىشچىلار بىلەن تولدۇرۇش ئىمكانىيىتىنى بېرىدىغان خىراجەتلەرمۇ كىرگۈزۈلۈشى كېرەك. دېمەك، ماشىنىنىڭ ئۇپرىشى ھېساپقا كىرگۈزۈلگەنىدەك، ئىشچىنىڭ كاردىن چىقىشىمۇ ھېساپقا كىرگۈزۈلۈشى كېرەك.

قىسقىسى، ئاددى ئەمگەكنىڭ[1] ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى **ئىشچىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئىشچى نەسلىنى داۋاملاشتۇرۇش خىراجىتىدىن ئىبارەت**. ھاياتنى ساقلاپ قېلىش ۋە نەسلىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان خىراجەتنىڭ باھاسى ئىش ھەققىدىن ئىبارەت بولىدۇ. شۇ تەرىقىدە بەلگىلەنگەن ئىش ھەققى **ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققى** دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققى، خۇددى شاڭپىن باھاسىنىڭ ئومۇمەن ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغانلىغىغا ئوخشاش، **ئايرىم شەخسكە** نىسبەتەن ئېيتقاندا شۇنداق بولىۋەرمەيدۇ، بەلكى پۈتۈن **تۈرگە** نىسبەتەن ئېيتقاندا شۇنداق بولىدۇ. ئايرىم ئىشچىنىڭ ئالغان ھەققى، مىليونلىغان ئىشچىنىڭ ئالغان ھەققى ئۇلارنىڭ ئۆز ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشى ۋە نەسلىنى داۋاملاشتۇرۇشى ئۈچۈن يەتمەيدۇ، لېكىن **پۈتۈن ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىش ھەققى** ئۆزىنىڭ داۋالغۇپ تۇرۇش دائىرىسى ئىچىدە ئەنە شۇ ئەڭ تۆۋەن نورما بىلەن تەڭلىشىدۇ.

---

[1] 1891-يىلدىكى نەشرىدە "ئەمگەكنىڭ" دېگەن سۆز "ئەمگەك كۈچىنىڭ" دەپ ئۆزگەرتىلگەن. — تەھرىردىن

ئەمدى، ئىش ھەققىنى شۇنىڭدەك باشقا ھەرقانداق شائىپىنىڭ باھاسىنى تەڭشەپ تۇرىدىغان ئەڭ ئومۇمى قانۇنىيەتلەر توغرىسىدا ئېنىق چۈشەنچىگە كەلگىنىمىزدىن كېيىن، ئەسلى تېمىمىزنى تېخىمۇ يېقىندىن تۇرۇپ تەتقىق قىلالايمىز.

# 3

**كيۇلن**، 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى. كاپىتال خام ئەشيا، ئەمگەك قوراللىرى ۋە ھەرخىل تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ نەرسىلەر يېڭى خام ئەشيا، يېڭى ئەمگەك قوراللىرى ۋە يېڭى تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. كاپىتالنىڭ ئەنە شۇ تەركىبىي قىسىملىرىنىڭ ھەممىسى — ئەمگەكنىڭ ئىجادىيەت مەھسۇلى، ئەمگەكنىڭ مەھسۇلاتى، **جۇغلانغان ئەمگەك**. يېڭى ئىشلەپچىقىرىشنى ئېلىپ بېرىشنىڭ ۋاستىسى بولغان جۇغلانغان ئەمگەكنىڭ ئۆزى كاپىتال.

ئىقتىساتشۇناسلار ئەنە شۇنداق دەيدۇ.

قۇل نېگىرنىڭ ئۆزى كىم؟ قۇل نېگىر قارا ئىرققا مەنسۇپ بولغان كىشى. يۇقۇرىدىكى ئىزاھ بىلەن بۇ ئىزاھ بىر بىرىدىن پەرقلەنمەيدۇ.

نېگىر دىگەن نېگىر. ئۇ پەقەت مۇئەييەن مۇناسىۋەتلەر ئارقىسىدىلا **قۇل** بولىدۇ. يىپ ئىگىرىش ماشىنىسى پاختىدىن يىپ ئىگىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ماشىنا. ئۇ پەقەت **مۇئەييەن** مۇناسىۋەتلەر ئارقىسىدىلا **كاپىتال** بولىدۇ. خۇددى **ئالتۇننىڭ** ئۆزى **پۇل** بولمىغىنىغا، شېكەر شېكەرنىڭ **باھاسى** بولمىغىنىغا

ئوخشاش، ماشىنا بۇنداق مۇناسىۋەتلەردىن چەتلىسە، كاپىتال بولماي قالىدۇ.

كىشىلەر ئىشلەپچىقىرىشتا تەبىئەت دۇنياسى بىلەنلا مۇناسىۋەت باغلاش بىلەن توختاپ قالمايدۇ①. ئەگەر ئۇلار مۇئەييەن شەكىلدە بىرلىشىپ ئورتاق پائالىيەت ئېلىپ بارمىسا ۋە ئۆز پائالىيەتلىرىدە ئۆزئارا ئورتاقلاشمىسا، ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بارالمايدۇ. كىشىلەر ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، بىر بىرى بىلەن مۇئەييەن ئالاقە ۋە مۇناسىۋەت باغلايدۇ؛ پەقەت مۇشۇ ئىجتىمائى ئالاقە ۋە ئىجتىمائى مۇناسىۋەتلەر دائىرىسىدىلا ئۇلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ②، ئىشلەپچىقىرىش مەۋجۇت بولالايدۇ.

ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئۆزئارا باغلىغان بۇ ئىجتىمائى مۇناسىۋەتلىرى، ئۇلارنىڭ ئۆز پائالىيەتلىرىدە ئورتاقلىشىشىغا ۋە ئورتاق ئىشلەپچىقىرىشقا قاتنىشىشىغا ئىمكانىيەت بېرىدىغان شارائىت، ئەلۋەتتە، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ خاراكتېرىغا قاراپ تۈرلۈكچە بولىدۇ. يېڭى ئۇرۇش قورالى، يەنى ئوت ئالغۇچ ئېتىش قورالىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى بىلەن ئارمىيىنىڭ

---

① 1891-يىلدىكى نەشرىدە "تەبىئەت دۇنياسى بىلەنلا مۇناسىۋەت باغلاش بىلەن توختاپ قالمايدۇ" دېگەن سۆزلەر "تەبىئەت دۇنياسىغىلا تەسىر كۆرسىتىش بىلەن قالماستىن، بەلكى بىر بىرىگىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ" دەپ ئۆزگەرتىلگەن. — تەھرىردىن

② 1891-يىلدىكى نەشرىدە "تەبىئەت دۇنياسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى" دېگەن سۆز "تەبىئەت دۇنياسىغا تەسىر كۆرسىتىشى" دەپ ئۆزگەرتىلگەن. — تەھرىردىن

پۈتكۈل ئىچكى تۈزۈلۈشى مۇقەررەر ھالدا ئۆزگىرىدۇ، ئايرىم شەخسلەرنىڭ ئارمىيە بولۇپ ئۇيۇشۇشىغا ھەمدە ئارمىيە تەرىقىسىدە ھەركەت قىلىشىغا ئىمكانىيەت بېرىدىغان مۇناسىۋەتلەر ئۆزگىرىدۇ، ھەرقايسى ئارمىيەلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىدىمۇ ئۆزگىرىش بولىدۇ.

**قىسقىسى**، ھەر بىر شەخسنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىشىغا ئىمكانىيەت بېرىدىغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر، يەنى **ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىياتى ئارقىسىدا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ ۋە باشقىچە بولۇپ تۇرىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يىغىندىسى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت** دېگەن نەرسىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ، **جەمىيەت** دېگەن نەرسىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ، يەنە كېلىپ **مۇئەييەن تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىدا** تۇرغان جەمىيەتنى، ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان جەمىيەتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ. قەدىمقى زامان جەمىيىتىمۇ، فېوداللىق جەمىيەتمۇ، بۇرژۇئازىيە جەمىيىتىمۇ مۇشۇنداق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يىغىندىسى بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەر بىر ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ يىغىندىسى ئەينى ۋاقىتتا يەنە ئىنسانىيەتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدىكى ئالاھىدە بىر باسقۇچىنى بەلگە بېرىدۇ.

**كاپىتالىزم** بىر خىل ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى. بۇ — **بۇرژۇئا ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى**، بۇرژۇئازىيە جەمىيىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى. كاپىتالنى تەشكىل قىلىدىغان تۇرمۇش ۋاستىلىرى، ئەمگەك قوراللىرى ۋە خام ئەشيا مۇئەييەن

ئىجتىمائىي شارائىتتا، مۇئەييەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ئارقىسىدا ئىشلەپچىقىرىلغان ۋە جۇغلانغان ئەمەسمۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇئەييەن ئىجتىمائىي شارائىتتا، مۇئەييەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر دائىرىسىدە يېڭى ئىشلەپچىقىرىشنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلمەمدۇ؟ شۇنىڭدەك دەل بۇنداق مۇئەييەن ئىجتىمائىي خاراكتېر يېڭى ئىشلەپچىقىرىشنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان مەھسۇلاتلارنى **كاپىتالغا** ئايلاندۇرمامدۇ؟

كاپىتال تۇرمۇش ۋاسىتىلىرى، ئەمگەك قوراللىرى ۋە خام ئەشيانىلا، ماددىي مەھسۇلاتلارنىلا ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماستىن، بەلكى **ئالماشتۇرۇش قىممىتىنىمۇ** ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كاپىتال ئۆز ئىچىگە ئالغان مەھسۇلاتلارنىڭ ھەممىسى **شائپىن**. دېمەك، كاپىتال بىرقانچە ماددىي مەھسۇلاتنىڭلا يىغىندىسى بولۇپ قالماستىن، شۇنىڭدەك بىرقانچە شائپىن ياكى بىرقانچە ئالماشتۇرۇش قىممىتىنىڭ ۋە ياكى بىرقانچە **ئىجتىمائىي مىقتارنىڭمۇ** يىغىندىسى.

قوي يۇڭى ئورنىغا پاختىنى، بۇغداي ئورنىغا گۈرۈچنى، تۆمۈر-يول ئورنىغا پاراخوتنى ئېلىپ قارىساقمۇ، كاپىتالنى گەۋدىلەندۈرىدىغان بۇ پاختا، گۈرۈچ، پاراخوت ئەسلىدە كاپىتالنى گەۋدىلەندۈرگەن قوي يۇڭى، بۇغداي ۋە تۆمۈريول بىلەن باراۋەر ئالماشتۇرۇش قىممىتىگە، يەنى باراۋەر باھاغا ئىگە بولىدىغانلا بولسا، ئۇ ھالدا، كاپىتال يەنە شۇ كاپىتال بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. كاپىتالنىڭ جان-تېنى ھەمىشە ئۆزگىرىپ تۇرۇشى مۇمكىن، لېكىن بۇ ھال كاپىتالنىڭ خاراكتېرىنى قىلچە ئۆزگەرتمەيدۇ.

گەرچە ھەرقانداق كاپىتال شائپىنلارنىڭ، يەنى ئالماشتۇرۇش

قىممەتلىرىنىڭ يىغىندىسى بولسىمۇ، بىراق ھەرقانداق شاگىپىنلارنىڭ، يەنى ئالماشتۇرۇش قىممەتلىرىنىڭ يىغىندىسى كاپىتال بولىۋەرمەيدۇ.

ھەرقانداق ئالماشتۇرۇش قىممەتلىرىنىڭ يىغىندىسى ئالماشتۇرۇش قىممىتىدىن ئىبارەت بولىدۇ. ھەرقانداق ئايرىم ئالماشتۇرۇش قىممىتى ئالماشتۇرۇش قىممەتلىرىنىڭ يىغىندىسىدىن ئىبارەت بولىدۇ. مەسىلەن، قىممىتى مىڭ فرانكقا توختايدىغان بىر ئۆي مىڭ فرانكلىق ئالماشتۇرۇش قىممىتىدىن ئىبارەت بولىدۇ. بىر سانتىمغا① توختايدىغان بىر باسما تاۋاق قەغەز 100/100 سانتىملىق ئالماشتۇرۇش قىممىتىنىڭ يىغىندىسىدىن ئىبارەت بولىدۇ. باشقا مەھسۇلات بىلەن ئالماشتۇرۇشقا بولىدىغان مەھسۇلاتنىڭ ئۆزى **شاگىپىن** بولىدۇ. بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشىغا ئاساس بولىدىغان مۇئەييەن نىسبەتىنىڭ ئۆزى ئۇلارنىڭ **ئالماشتۇرۇش قىممىتى** بولىدۇ، ئەگەر بۇنىداق نىسبەت پۇل بىلەن ئىپادىلىنىدىغان بولسا، بۇ ئۇلارنىڭ **باھاسى** بولىدۇ. بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ مىقتارىنىڭ قانچىلىك بولۇشى ئۇلارنىڭ **شاگىپىن** بولۇشى ياكى **ئالماشتۇرۇش قىممىتىنى** ئىپادىلىشى ياكى بولمىسا مۇئەييەن **باھاغا** ئىگە بولۇشىدەك خۇسۇسىيىتىنى قىلچە ئۆزگەرتەلمەيدۇ. بىر تۇپ دەرەخ، ئۇنىڭ چوڭ ياكى كىچىك بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، بەرىبىر بىر تۇپ دەرەخ بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. تۆمۈرنى باشقا مەھسۇلات بىلەن ئالماشتۇرغان چاغدا، سەرنى بىرلىك

---

① 1891 ـ يىلدىكى نەشرىدە "سانتىم" دېگەن سۆز "پفىنىڭ" دەپ ئۆزگەرتىلگەن. ـــ تەھرىردىن

قىلىپ ئەمەس، بەلكى سېنتىنېرنى بىرلىك قىلىپ ئالماشتۇرساق، بۇنىڭلىق بىلەن ئۇنىڭ شاڭپىن بولۇش، ئالماشتۇرۇش قىممىتى بولۇش خۇسۇسىيىتى ئۆزگىرەمدۇ؟ تۆمۈر پەقەت ئۆزىنىڭ مىقتارىنىڭ ئاز-كۆپلۈگىگە قاراپ چوڭ ياكى كىچىك قىممەتكە، يۇقۇرى ياكى تۆۋەن باھاغا ئىگە بىر خىل شاڭپىن بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ.

شاڭپىنلارنىڭ، يەنى ئالماشتۇرۇش قىممەتلىرىنىڭ يىغىندىسى زادى قانداق قىلىپ كاپىتال بولۇپ قالىدۇ؟

ئۇنىڭ كاپىتال بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇ بىر خىل مۇستەقىل ئىجتىمائى كۈچ سۈپىتىدە، يەنى **جەمىيەتنىڭ بىر قىسمىغا** تەئەللۇق كۈچ بولۇش سۈپىتىدە، **بىۋاستە ۋە جانلىق ئەمگەككە**① **ئالمىشىش** يولى بىلەن ساقلىنىدۇ ھەم كۆپىيىپ بارىدۇ. ئەمگەك ئىقتىدارىدىن باشقا ھېچنەرسىسى بولمىغان سىنىپنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى كاپىتالنىڭ زۆرۈر ئالدىنقى شەرتى.

پەقەت جۇغلانغان، ئىلگىرىكى، بۇيۇملاشقان ئەمگەكنىڭ بىۋاستە، جانلىق ئەمگەك ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىشى ئارقىسىدىلا، جۇغلانغان ئەمگەك كاپىتالغا ئايلىنىدۇ.

كاپىتالنىڭ ماھىيىتى جۇغلانغان ئەمگەكنىڭ جانلىق ئەمگەككە يېڭى ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ۋاستە بولۇپ بېرىشىدە ئەمەس. ئۇنىڭ ماھىيىتى جانلىق ئەمگەكنىڭ جۇغلانغان ئەمگەككە ئۇنىڭ ئۆزىنى ساقلىشى ۋە ئالماشتۇرۇش قىممىتىنى كۆپەيتىشى ئۈچۈن ۋاستە بولۇپ بېرىشىدە.

---

① 1891-يىلدىكى نەشرىدە "ئەمگەككە" دېگەن سۆز "ئەمگەك كۈچىگە" دەپ ئۆزگەرتىلگەن. — تەھرىردىن

كاپىتال بىلەن ياللانما ئەمگەك① ئوتتۇرىسىدا ئالماشتۇرۇش قانداق ئېلىپ بېرىلىدۇ؟

ئىشچى ئۆزىنىڭ ئەمگىكىنى② تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىگە ئالماشتۇرىدۇ، كاپىتالىست بولسا ئۆزىگە تەۋە تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنى ئەمگەككە، يەنى ئىشچىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىگە، دىمەك ئىجادىي كۈچىگە ئالماشتۇرىدۇ. بۇنداق كۈچ ئىشچى ئىستىمال قىلغان نەرسىلەرنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى جۇغلانغان ئەمگەكنى ئىلگىرىكىدىنمۇ چوڭ قىممەتكە ئىگە قىلىدۇ. ئىشچى كاپىتالىستتىن تەييار بىر قىسىم تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنى ئالىدۇ. بۇ تۇرمۇش ۋاسىتىلىرى ئىشچى ئۈچۈن نىمىگە كېرەك بولىدۇ؟ بىۋاستە ئىستىمال قىلىش ئۈچۈن كېرەك بولىدۇ. بىراق، ئەگەر مەن بۇ تۇرمۇش ۋاسىتىلىرى تۇرمۇشۇمنى قامداپ تۇرغان ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ يېڭى تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنى ئىشلەپچىقارمىسام، يەنى ئىستىمال قىلىش نەتىجىسىدە يوق بولۇپ كەتكەن قىممەتنىڭ ئورنىنى ئىستىمال ۋاقتىدا ئۆز ئەمگىكىم بىلەن يېڭى قىممەت يارىتىپ تولدۇرمىسام، ئۇ هالدا، مەن بۇ تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنى ئىستىمال قىلىپ تۈگىتىپ قويىمەن ـ دە، ئۇلارنى مەن پۈتۈنلەي بىكار ئىستىمال قىلىپ كەتكەن بولىمەن. لېكىن، ئىشچى تۇرمۇش

① 1891 ـ يىلدىكى نەشرىدە "كاپىتال بىلەن ياللانما ئەمگەك" دىگەن سۆز "كاپىتالىست بىلەن ياللانما ئىشچى" دەپ ئۆزگەرتىلگەن. — تەھرىردىن

② 1891 ـ يىلدىكى نەشرىدە "ئەمگىكىنى" دىگەن سۆز "ئەمگەك كۈچىنى" دەپ ئۆزگەرتىلگەن. — تەھرىردىن

ۋاستىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىدىدە، دەل بۇنداق قىممەتلىك تەكرار ئىشلەپچىقىرىش كۆچىنى كاپىتالىستقا ئۇتۇنۇپ بېرىدۇ. شۇڭا، بۇنداق كۆچ ئىشچىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىكار ئىستىمال قىلىنىپ كەتكەن بولىدۇ.

بىر مىسال ئالايلى. بىر نوۋچاڭ ئىگىسى ئۆزىنىڭ بىر مەدىكارىغا كۈنىگە 5 زىلبىرگروش تولەيدۇ. بۇ مەدىكار ئەنە شۇ 5 زىلبىرگروش ئۈچۈن نوۋچاڭ ئىگىسىنىڭ ئېتىزىدا كۈن بويى ئىشلەپ، نوۋچاڭ ئىگىسىنىڭ 10 زىلبىرگروش دارامەتكە ئىگە بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. نوۋچاڭ ئىگىسى ئۆزى مەدىكارغا تولىگەن قىممەتنى قايتۇرۇۋېلىشنىڭ ئۈستىگە، ئۇنى ئېخى بىر ھەسسە كوپەيتىۋالىدۇ. دېمەك، ئۇ مەدىكارغا تولىگەن 5 زىلبىرگروشنى پايدىلىق ۋە ئۈنۈملۈك ئىشلىتىدۇ ۋە ئىستىمال قىلىدۇ. ئۇ ئەنە شۇ 5 زىلبىرگروشقا دەل بىر مەدىكارنىڭ ئىككى ھەسسە ئارتۇق قىممەتكە ئىگە دىخانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرالايدىغان ھەمدە 5 زىلبىرگروشنى 10 زىلبىرگروشقا ئايلاندۇرىدىغان ئەمگىكى ۋە كۆچىنى سېتىۋالىدۇ، مەدىكار ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۆچىنى (ئۇ دەل مۇشۇ ئىشلەپچىقىرىش كۆچىنى نوۋچاڭ ئىگىسىگە ئۇتۇنۇپ بېرىدۇ) 5 زىلبىرگروشقا ئالماشتۇرىدۇ ھەمدە بۇ پۇلنى دەرھال ۋە ئاستا ـ ئاستا ئىستىمال قىلىدىغان تۇرمۇش ۋاستىلىرىگە ئالماشتۇرىدۇ. دېمەك، بۇ 5 زىلبىرگروش ئىككى خىل ئۇسۇل بىلەن ئىستىمال قىلىنىدۇ: كاپىتالىست ئۈچۈن ئېيتقاندا، **ئۈنۈملۈك** ھالدا ئىستىمال قىلىنىدۇ، چۈنكى ئۇ بۇ 5 زىلبىرگروشقا ئالماشتۇرۇۋالغان ئەمگەك كۆچى ئارقىلىق 10 زىلبىرگروشقا ئىگە بولىدۇ؛ ئىشچى ئۈچۈن

ئېيتقاندا، **ئۇنۇمسىز** هالدا ئىستىمال قىلىنىدۇ، چۈنكى ئۇ بۇ 5 زىلبىرگروشقا ئالماشتۇرۇۋالغان تۇرمۇش ۋاستىلىرى مەڭگۈگە يوق بولۇپ كېتىدۇ، ئۇ نۇڭچاك ئىگىسى بىلەن شۇ يوسۇندا ئالماشتۇرۇشنى تەكرارلىغاندىلا، ئاندىن بۇ تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىڭ قىممىتىگە يېڭىۋاشتىن ئىگە بولالايدۇ. **دېمەك، كاپىتال ياللانما ئەمگەكنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ، ياللانما ئەمگەك بولسا ئۆز نۆۋىتىدە كاپىتالنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. بۇ ئىككىسى بىر بىرىنى شەرت قىلىدۇ؛ بىر بىرىنى ھۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ.**

پاختا توقۇمىچىلىق قابرىكىسىنىڭ بىر ئىشچىسى پەقەت پاختا توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرىنىلا ئىشلەپچىقىرامدۇ؟ ياق، ئۇ كاپىتال ئىشلەپچىقىرىدۇ. ئۇ ئىشچى باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ ئەمگىكىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا ۋە ئۇنىڭ ئەمگىكىنىڭ ۋاستىسى بىلەن يېڭى قىممەتلەرنى يارىتىشىغا يېڭىۋاشتىن خىزمەت قىلىدىغان قىممەتلەرنى ئىشلەپچىقىرىدۇ.

كاپىتال پەقەت ئەمگەك① بىلەن ئالماشتۇرۇلۇش، پەقەت ياللانما ئەمگەكنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش ئارقىسىدىلا كۆپىيىپ بارالايدۇ. ياللانما ئەمگەك② پەقەت كاپىتالنى كۆپەيتكەن ۋە ئۆزىنى قۇللۇققا چۈشۈرگۈچى ھاكىمىيەتنى كۈچەيتكەن چاغدىلا، ئاندىن كاپىتال بىلەن ئالمىشىدۇ. **شۇڭا، كاپىتالنىڭ كۆپىيىشى پرولېتارىياتنىڭ، يەنى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ**

---

① 1891-يىلدىكى نەشرىدە "ئەمگەك" دېگەن سۆز "ئەمگەك كۈچى" دەپ ئۆزگەرتىلگەن. — تەھرىردىن

② 1891-يىلدىكى نەشرىدە "ياللانما ئەمگەك" دېگەن سۆز "ياللانما ئىشچىنىڭ ئەمگەك كۈچى" دەپ ئۆزگەرتىلگەن. — تەھرىردىن

**كۆپىيىشى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.**

شۇڭلاشقا، بۇرژۇئازلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىقتىسادشۇناسلىرى، كاپىتالىست بىلەن ئىشچىنىڭ مەنپەئەتى بىردەك دەپ ئۇزۇپ ئېيتىدۇ. دەرھەقىقەت! ئىشچى كاپىتالىستقا ياللانمىسا ھالاك بولىدۇ. ۋاھالەنكى، كاپىتال ئەمگەكنى① ئېكسپىلاتاتسىيە قىلمىسا ھالاك بولىدۇ، ۋاھالەنكى، كاپىتال ئەمگەكنى① ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئۈچۈن، ئەمگەكنى① سېتىۋېلىشى كېرەك. ئىشلەپچىقىرىشقا سېلىنغان كاپىتال، يەنى ئۈنۈملۈك كاپىتال چاپسان كۆپەيگەنسېرى، دېمەك سانائەت گۈللەنگەنسېرى، بۇرژۇئازىيە بېيىغانسېرى، تىجارەت روناق تاپقانسېرى، كاپىتالىستقىمۇ كۆپ ئىشچى كېرەك بولۇۋېرىدۇ، ئىشچىمۇ ئۆزىنى قىممەترەك سېتىۋېرىدۇ.

دېمەك، **ئۈنۈملۈك كاپىتالنىڭ مۇمكىن قەدەر چاپسان كۆپىيىشى** ئىشچىنىڭ ئاران كۈن كەچۈرۈشى ئۈچۈن زۆرۈر شەرت ئىكەن.

لېكىن، ئۈنۈملۈك كاپىتالنىڭ كۆپىيىشى دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟ بۇ، جۇغلانغان ئەمگەكنىڭ جانلىق ئەمگەك ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنىڭ كۆپىيىشى دېمەكتۇر، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىشچىلار سىنىپى ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىش كۈچىنىڭ كۆپىيىشى دېمەكتۇر. ياللانما ئەمگەك ئۆزى ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىش رولىنى ئوينايدىغان بايلىقنى — باشقىلارنىڭ

① 1891-يىلدىكى نەشرىدە "ئەمگەكنى" دېگەن سۆز "ئەمگەك كۈچىنى" دەپ ئۆزگەرتىلگەن. — تەھرىردىن

بايلىغىنى ئىشلەپچىقىرىدۇ، دىمەك، ئۆزىگە دۈشمەن بولغان كۈچنى — كاپىتالنى ئىشلەپچىقىرىدۇ، ئۆزى بولسا كاپىتالدىن ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋاستىلىرىنى، يەنى تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى ئالىدۇ، ئالغاندىمۇ يەنە كاپىتالنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىش شەرتى بىلەن، يەنە كاپىتالنى چاپسان كۆپەيتىدىغان پىشاڭغا ئايلىنىش شەرتى بىلەن ئالىدۇ.

**كاپىتالنىڭ مەنپەئەتى بىلەن ئەمگەكنىڭ مەنپەئەتى[1] بىردەك دەپ ئۈزۈپ ئېيتىلغان بۇ سوزنىڭ مەنىسى ئەسلىدە مۇنداق: كاپىتال بىلەن ياللانما ئەمگەك ئوخشاش بىر مۇناسىۋەتنىڭ ئىككى تەرىپى. بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپنى شەرت قىلىدۇ، خۇددى جازانىخور بىلەن ئىسراپخورنىڭ بىر بىرىنى تەقەززا قىلغىنىغا ئوخشاش.**

ياللانما ئىشچى ياللانما ئىشچى بولۇپ قېلىۋېرىدىغان بولسا، ئۇنىڭ تەقدىرى كاپىتالغا باغلىق بولىدۇ. ئىشچىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن كاپىتالىستنىڭ مەنپەئەتى بىردەك دىگەن نىمە ئەنە شۇنىڭدىن ئىبارەت.

## 4

**كيۇلن**، 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى. كاپىتال قانچە ئاشسا، ياللانما ئەمگەك مىقتارىمۇ شۇنچە ئاشىدۇ، ياللانما ئىشچىلارنىڭ سانىمۇ

---

① 1891 ـ يىلىدىكى نەشرىدە "ئەمگەكنىڭ مەنپەئەتى" دىگەن سوز "ئىشچىلارنىڭ مەنپەئەتى" دەپ ئۆزگەرتىلگەن. — تەھرىردىن

شۇنچە كوپىيىدۇ، قىسقىسى، كاپىتالىنىڭ ھوكۇمرانلىغىدا بولىدىغان ئادەمنىڭ سانىمۇ شۇنچە كوپىيىدۇ. بىز مۇنداق بىر ئەڭ ئەپىلىك ئەھۋالنى: ئۇنۇملۇك كاپىتالىنىڭ كوپىيىشى ئارقىسىدا، ئەمگەككە بولغان تەلەپنىڭمۇ ئاشىدىغانلىغى، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەمگەك باھاسىنىڭمۇ، يەنى ئىش ھەققىنىڭمۇ ئوسىدىغانلىغىنى پەرەز قىلىپ كورەيلى.

بىر ئوي ھەرقانچە كىچىك بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئويلەرنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇنداق كىچىك بولسا، ئۇ جەمىيەتنىڭ ئوي - جايغا بولغان بارلىق تەلەپلىرىنى قاندۇرالايدۇ. لېكىن، بۇ كىچىك ئوينىڭ يېنىغا ئېگىز بىر ساراي سېلىنسا، ھېلىقى كىچىك ئوي كورۇمسىز كەپىدەك بولۇپ قالىدۇ. بۇ چاغدا، ئوينىڭ كىچىكلىگى ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ ھېچقانداق تەلەپ قويماي-دىغانلىغىنى ياكى قويغاندىمۇ ئۇنىڭ تەلىۋىنىڭ ناھايىتى توۋەن بولىدىغانلىغىنى ئىسپاتلايدۇ؛ شۇنىڭدەك كىچىك ئوينىڭ كولىمى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققى قىلىشى ئارقىسىدا كېڭەيتىلسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ يېنىدىكى ساراي شۇ دەرىجىدە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق دەرىجىدە كېڭەيتىلىدىغان بولسىلا، كىچىكرەك ئوينىڭ ئىگىسى ئوينىڭ توت تېمى ئىچىدە ئولتۇرۇپ، بارغانسېرى ئازادىسىزلىك ھېس قىلىدۇ، بارغانسېرى نارازى بولىدۇ، بارغانسېرى ئوزىنى كەمسىتىلگەن دەپ بىلىدۇ.

ئىش ھەققىنىڭ سەل - پەل كوزگە كورۇنەرلىك كوپىيىشى ئۇنۇملۇك كاپىتالىنىڭ چاپسان كوپىيىشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ئۇنۇملۇك كاپىتالىنىڭ چاپسان كوپىيىشى بايلىقنىڭ، زىبۇ - زىننەتنىڭ، جەمىيەت ئېھتىياجى ۋە جەمىيەت ھوزۇر - ھالاۋىتىنىڭ

ھەم شۇنىڭغا ئوخشاشلارنىڭ ئوخشاش دەرىجىدە چاپسان كوپىيىپ بىرىشىغا سەۋەپ بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىشچىنىڭ پايدىلىنىشى مۇمكىن بولغان ھوزۇر ـ ھالاۋەتلەر كوپەيگەن بولسىمۇ، لېكىن، بۇنداق ھوزۇر ـ ھالاۋەتنىڭ جەمىيەتنى قانىدۇرۇش دەرىجىسى كاپىتالىستنىڭ ئىشچى پايدىلىنالمايدىغان ھوزۇر ـ ھالاۋىتىنىڭ زور دەرىجىدە كوپىيىشىگە قارىغاندا، ئومۇمەن جەمىيەت تەرەققىياتىنىڭ سەۋىيىسىگە قارىغاندا توۋەنلەپ كېتىدۇ. بىزنىڭ ئېھتىياجىمىزنى ۋە ھوزۇر ـ ھالاۋىتىمىزنى جەمىيەت ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ، شۇڭا، بىز ئېھتىياج ۋە ھوزۇر ـ ھالاۋەتنى ئۇلارنى قاندۇرىدىغان بۇيۇملار بىلەن ئولچىمەي، ئىجتىمائى ئولچەم بىلەن ئولچەيمىز. بىزنىڭ ئېھتىياجىمىز ۋە ھوزۇر ـ ھالاۋىتىمىز ئىجتىمائى خاراكتىرغا ئىگە بولغاچقا، ئۇلار نىسبى بولىدۇ.

ئىش ھەققى ئومۇمەن مېنىڭ ئىش ھەققى بىلەن ئالماشتۇرۇپ ئېلىشىم مۇمكىن بولغان شاگىرتنىڭ مىقتارىغىلا قاراپ بەلگىلەنمەيدۇ. ئۇ تۇرلۇك نىسبەت مۇناسىۋەتلىرىنى ئوز ئىچىگە ئالىدۇ.

ھەممىدىن ئاۋال، ئىشچى ئوزىنىڭ ئەمگىكىنى[①] سېتىش يولى بىلەن مۇئەييەن مىقتاردا پۇلغا ئىگە بولىدۇ. ئىش ھەققى پەقەت ئەنە شۇ پۇل بىلەن ئىپادىلىنىدىغان باھا بىلەنلا بەلگىلىنەمدۇ؟

16 ـ ئەسىردە، ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ تېپىلىشى[②] ئارقىسىدا،

---

① 1891 ـ يىلدىكى نەشرىدە "ئەمگىكىنى" دىگەن سوز "ئەمگەك كۈچىنى" دەپ ئوزگەرتىلگەن. — تەھرىردىن

② 1891 ـ يىلدىكى نەشرىدە "ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ تېپىلىشى" دىگەن سوز "ئامېرىكا قىتئەسىدە خېلى مول ۋە قېزىشقا ئاسان بولغان ئالتۇن كانلىرىنىڭ تېپىلىشى" دەپ ئوزگەرتىلگەن. — تەھرىردىن

ياۋروپادا ئىشلىتىلىۋاتقان ئالتۇن ۋە كۈمۈچنىڭ مىقتارى كۆپىيىپ كەتتى. شۇ سەۋەپتىن ئالتۇن ۋە كۈمۈچنىڭ قىممىتى باشقا ھەر خىل شائېپىنلارغا نىسبەتەن تۆۋەنلەپ كەتتى. ئەمما، ئىشچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمگىكىنى① سېتىپ ئېرىشكەن تەڭگىنىڭ مىقتارى يەنىلا بۇرۇنقىدىن پەرقلەنمىدى. ئۇلارنىڭ ئەمگىكىنىڭ پۇل بىلەن ئىپادىلىنىدىغان باھاسى بۇرۇنقى پېتىچە تۇرىۋەردى، لېكىن، قانداقلا بولمىسۇن، ئۇلارنىڭ ئىش ھەققى تۆۋەنلەپ كەتتى، چۈنكى، ئۇلار بۇرۇنقى بىلەن ئوخشاش مىقتاردىكى تەڭگىنى باشقا شائېپىنلارغا ئالماشتۇرغاندا قوللىرىغا بۇرۇنقىدىن ئاز شائېپىن تېگىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ھال 16 ـ ئەسىردە كاپىتالىنىڭ كۆپەيگەنلىكىگە ۋە بۇرژۇئازىيىنىڭ گۈللەنگەنلىكىگە تۈرتكە بولغان سەۋەپلەرنىڭ بىرى ئىدى.

بىز باشقا بىر مىسال كەلتۈرەيلى. 1847 ـ يىلى قىشتا، كەم ھوسۇل ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئەڭ زورۇر تۇرمۇش ۋاستىلىرى (بولكا، گوش، سېرىق ماي، ئىرىمچىك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار)نىڭ باھاسى زور دەرىجىدە ئۆرلەپ كەتكەن ئىدى. ئىشچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمگىكىنى① سېتىپ ئېرىشكەن پۇلنىڭ مىقتارى بۇرۇنقىدىن پەرقلەنمىدى دەپ پەرەز قىلايلى. ئۇلارنىڭ ئىش ھەققى تۆۋەنلەپ كەتمىدىمۇ؟ ئەلۋەتتە، تۆۋەنلەپ كەتتى. ئۇلارنىڭ شۇنچىلىك پۇلغا ئالماشتۇرۇپ ئالىدىغان بولكا، گوش قاتارلىق نەرسىلىرى بۇرۇنقىدىن ئاز بولىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئىش ھەققى كۈمۈچ قىممىتىنىڭ تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن تۆۋەنلەپ

① 1891 ـ يىلدىكى نەشرىدە "ئەمگىكىنى" دىگەن سۆز "ئەمگەك كۈچىنى" دەپ ئۆزگەرتىلگەن. — تەھرىردىن

كەتمىدى، بەلكى تۇرمۇش ۋاستىلىرى قىممىتىنىڭ ئۆرلەپ كەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن تۆۋەنلەپ كەتتى.

ئاخىردا يەنە، ئەمگەكنىڭ پۇل بىلەن ئىپادىلىنىدىغان باھاسى بۇرۇنقىدىن ئۆزگەرمىدى، ئەمما يېڭى ماشىنىلارنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكى ۋە يىلنىڭ ياخشى كېلىپ بەرگەنلىكى قاتارلىق سەۋەپلەر ئارقىسىدا بارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى تۆۋەنلىدى دەپ پەرەز قىلايلى. بۇ چاغدا، ئىشچىلار شۇنچىلىك پۇلنىڭ ئۆزىگە خېلى كۆپ ھەر خىل شاڭپىنلارنى سېتىۋېلىشى مۇمكىن. دېمەك، دەل ئىش ھەققىنىڭ پۇل بىلەن ئىپادىلىنىدىغان قىممىتى بۇرۇنقىدىن ئۆزگەرمىگەنلىكى ئۈچۈنلا، ئۇلارنىڭ ئىش ھەققى ئۆسكەن بولىدۇ.

قىسقىسى، ئەمگەكنىڭ پۇل بىلەن ئىپادىلىنىدىغان باھاسى، يەنى نامدىكى ئىش ھەققى ئەمەلىي ئىش ھەققى بىلەن، يەنى ئىش ھەققىنىڭ بەدىلىگە ئەمەلىيەتتە ئالماشتۇرۇپ ئېلىنىدىغان شاڭپىننىڭ مىقدارى بىلەن بىردەك بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىش ھەققىنىڭ ئۆسۈشى ياكى تۆۋەنلەپ كېتىشى ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا، پەقەت ئەمگەكنىڭ پۇل بىلەن ئىپادىلىنىدىغان باھاسىنىلا، نامدىكى ئىش ھەققىنىلا كۆزدە تۇتماسلىقىمىز كېرەك.

لېكىن، مەيلى نامدىكى ئىش ھەققى، يەنى ئىشچى ئۆزىنى كاپىتالىستقا سېتىپ ئېرىشكەن پۇل مىقدارى بولسۇن، ياكى ئەمەلىي ئىش ھەققى، يەنى ئىشچى شۇ پۇلغا سېتىۋالالايدىغان شاڭپىننىڭ مىقدارى بولسۇن، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئىش ھەققى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈرلۈك نىسبەت مۇناسىۋەتلىرىنى تولۇق

كورسىتىپ بېرەلمەيدۇ.

بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئىش ھەققى، ھەممىدىن ئاۋال، ئۇزى
بىلەن كاپىتالىستنىڭ تاپقان ھايانى، يەنى پايدىسى ئوتتۇرىسى-
دىكى نىسبەت مۇناسىۋىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. بۇ سېلىش-
تۇرما ئىش ھەققى، نىسبى ئىش ھەققى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

ئەمەلىي ئىش ھەققى باشقا شائىپىنلارنىڭ باھاسىغا سېلىشتۇرۇ-
لىدىغان ئەمگەك باھاسى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ، ئەكسىچە، نىسبى
ئىش ھەققى بولسا جۇغلانغان ئەمگەكنىڭ باھاسىغا سېلىشتۇرۇل-
دىغان بىۋاستە ئەمگەك باھاسى، ياللانما ئەمگەك بىلەن كاپىتالنىڭ
نىسبى قىممىتى، كاپىتالىست بىلەن ئىشچىنىڭ ئۆزئارا قىممىتى
بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ①.

---

① 1891 - يىلدىكى نەشرىدە، ئېنگېلس "ئەكسىچە، نىسبى ئىش ھەققى"
دىگەندىن باشلانغان سوزلەرنى مۇنداق دەپ ئۆزگەرتكەن: "نىسبى ئىش
ھەققى بولسا ئەمگەكنىڭ يېڭىدىن ياراتقان قىممىتى ئىچىدىن بىۋاستە
ئەمگەككە تېگىدىغان ئۈلۈشنىڭ شۇ قىممەت ئىچىدىن جۇغلانغان ئەمگەككە،
يەنى كاپىتالغا تېگىدىغان ئۈلۈشكە سېلىشتۇرۇلمىسى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ.

بىز يۇقۇرىدا، 14 - بەتتە (مۇشۇ كىتاپنىڭ 29 - بېتىگە قارالسۇن. —
تەرجىماندىن): "ئىش ھەققى ئىشچى ئۆزى ئىشلەپچىقارغان
شائىپىندىن ئىگىلەيدىغان ئۈلۈش ئەمەس. ئىش ھەققى — مەۋجۇت شائىپىننىڭ
كاپىتالىست مۇئەييەن مىقداردا ئۇنۇملۇك ئەمگەك كۈچىنى سېتىۋېلىش
ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان قىسمى" دىگەن ئىدۇق، ئەمما، كاپىتالىست ئەنە
شۇ ئىش ھەققىنىڭ ئورنىنى ئىشچى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن مەھسۇلاتنى
سېتىپ تاپقان پۇلدىن تولدۇرۇۋېلىشى كېرەك. كاپىتالىست بۇ ئىش
ھەققىنىڭ ئورنىنى شۇنداق تولدۇرۇۋېلىشى كېرەككى، ئىشلەپچىقىرىش
خىراجەتلىرىنى چىقىرىۋەتكەنىنىڭ تاشايىنىدا، ئۇنىڭ قولىدا يەنە ئېشىندا،

ئەمەلىي ئىش ھەققى ئۆزگەرمەي تۇرۇۋېرىشى، ھەتتا ئېشىشى مۇمكىن، شۇنداق بولسىمۇ نىسبىي ئىش ھەققى تۆۋەنلەپ كېتىشى مۇمكىن. بارلىق تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىڭ باھاسى ئۈچتىن ئىككى ئۈلۈش تۆۋەنلىدى، كۈنلۈك ئىش ھەققى بولسا ئاران ئۈچتىن بىر ئۈلۈش تۆۋەنلىدى، مەسىلەن، 3 فرانكتىن 2 فرانكقا چۈشتى دەپ پەرەز قىلايلى. بۇ چاغدا، ئىشچى بۇ 2 فرانكقا بۇرۇن 3 فرانكقا سېتىۋالغان شائىپىندىنمۇ كوپ شائىپىن سېتىۋالالىسىمۇ، لېكىن ئىشچىنىڭ ئىش ھەققى كاپىتالىستىنىڭ پايدىسىغا قارىغاندا بەرىبىر تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. كاپىتالىستىنىڭ (مەسىلەن، بىر زاۋۇت ئىگىسىنىڭ) پايدىسى بىر فرانك كوپىيىدىغان بولسا، باشقىچە

يەنى پايدا قىلىشى كېرەك. ئىشچى ئىشلەپچىقارغان شائىپىنىنىڭ سېتىلىش باھاسى كاپىتالىست ئۈچۈن ئۈچ قىسىمغا بولۇنىدۇ: كاپىتالىست بۇ باھادىن، بىرىنچىدىن ئۆزى ئاۋانس قىلغان خام ئەشيانىڭ باھاسىنىڭ ئورنىنى ۋە قورال ـ سايمان، ماشىنا شۇنىڭدەك بۇنىڭدىن باشقا ئەمگەك ۋاستىلىرىنىڭ ئۇپرىشىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىشى؛ ئىككىنچىدىن، ئۆزى ئاۋانس قىلغان ئىش ھەققىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىشى؛ ئۈچىنچىدىن، بۇ خىراجەتلەرنىڭ تاشايىندا ئېشىندا، يەنى ئۆزى ئۈچۈن پايدا ئۈندۇرۇۋېلىشى لازىم. بىرىنچى قىسىم ئەسلىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان قىممەتنىڭ ئورنىنىلا تولدۇرىدۇ؛ ناھايىتى ئېنىقكى، ئىش ھەققىنىڭ ئورنىنى تولدۇرىدىغان قىسىم بىلەن كاپىتالىستىنىڭ پايدىسىنى تەشكىل قىلىدىغان ئېشىندا، تامامەن، ئىشچىنىڭ ئەمگىكى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن خام ئەشيا قىممىتىگە قوشۇلغان يېڭى قىممەتتىن كېلىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىش ھەققى بىلەن پايدىنى سېلىشتۇرۇش ئۈچۈن، ئىش ھەققىنىمۇ، پايدىسىنىمۇ ئىشچى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتنىڭ بىر ئۈلۈشى دەپ قارىساق بولىدۇ." — تەھرىردىن

قىلىپ ئېيتقاندا، كاپىتالىست بۇرۇنقىدىن ئاز مىقتاردىكى ئالماشتۇرۇش قىممىتىنى ئىشچىغا تولەيدىغان بولسا، ئىشچى كاپىتالىستقا بۇرۇنقىدىن كوپ ئالماشتۇرۇش قىممىتى ئىشلەپچىقىرىپ بېرىشى لازىم. كاپىتالنىڭ قىممىتى ئەمگەكنىڭ قىممىتىگە قارىغاندا ئېشىپ كېتىدۇ①. ئىجتىمائى بايلىقنىڭ كاپىتال بىلەن ئەمگەك ئوتتۇرىسىدا تەقسىم قىلىنىشى تېخىمۇ تەڭسىز بولۇپ قالىدۇ. كاپىتالىست ئىلگىرىكىگە ئوخشاش مىقداردىكى كاپىتالنىڭ ياردىمى بىلەن تېخىمۇ كوپ ئەمگەك ئۈستىدىن ھوكۇمرانلىق قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. كاپىتالىستلار سىنىپىنىڭ ئىشچىلار سىنىپى ئۈستىدىن ھوكۇمرانلىق قىلىش ھوقۇقى كۈچىيىدۇ، ئىشچىنىڭ ئىجتىمائى ئورنى تېخىمۇ يامانلىشىپ، كاپىتالىستنىڭ ئورنىغا قارىغاندا يەنە بىر پەللە تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

**ئىش ھەققى بىلەن پايدىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى جەھەتتە بولىدىغان پەسىيىش ۋە ئورلەشنى بەلگىلەيدىغان ئومۇمى قانۇنىيەت** زادى نىمە؟

**ئىش ھەققى بىلەن پايدا بىر بىرىگە تەتۈر تاناسىپ بولىدۇ. كاپىتالنىڭ ئالماشتۇرۇش قىممىتى،② يەنى پايدا كوپەيگەن-**

---

① 1891 ـ يىلدىكى نەشرىدە "كاپىتالنىڭ قىممىتى ئەمگەكنىڭ قىممىتىگە قارىغاندا ئېشىپ كېتىدۇ" دىگەن سوز "كاپىتالغا تېگىدىغان ئۈلۈش ئەمگەككە تېگىدىغان ئۈلۈشتىن ئېشىپ كېتىدۇ" دەپ ئوزگەرتىلگەن. ــ تەھرىردىن

② 1891 ـ يىلدىكى نەشرىدە "كاپىتالنىڭ ئالماشتۇرۇش قىممىتى" دىگەن سوز "كاپىتالغا تېگىدىغان ئۈلۈش" دەپ ئوزگەرتىلگەن. ــ تەھرىردىن

**سېرى ئەمگەكنىڭ ئالـماشتۇرۇش قىمـمىتى①، يەنى كۈنـلۈك ئىش ھەققى توۋەنـلەۋېرىدۇ؛ ئەكسـىچە بولغاندىمۇ شۇنـداق بولىدۇ. پايدا قانچە كۆپەيسە، ئىش ھەققى شۇنچە توۋەنلەيدۇ؛ پايدا قانچە ئازايسا، ئىش ھەققى شۇنچە كۆپىيىدۇ.**

ئېھـتىمال، بەزىلەر رەددىـيە بېرىپ: كاپىتالىستـنىڭ ھـايانى ئۆزىنىڭ مەھسۇلاتـلىرىنى باشقا كاپىتالىستـلار بىلەن پايـدىلىق ئاساستا ئالماشـتۇرۇشى ئارقىسـىدا، يېڭى بازارلارنىڭ ئېچىلىشى ياكـى ئەسلىدىكى بازاردا تەلەپـنىڭ بىردىنـلا ئېشىپ كېـتىشى قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن، ئۇنىڭ شاگىپىنغا بولغان تەلەپنىڭ زور دەرىجىدە ئېشىپ كېتىشى ئارقىسىدا كېلىشى مۇمكىن؛ دېمەك، بىر كاپىتالىـستنىڭ تاپىدىغان پايـدىسى ئۇنىڭ باشقا كاپىتالىستنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈشى ھېساۋىغا كۆپىيىشى مۇمكىن، ئۇ ئىش ھەققىنىڭ، يەنى ئەمگەكنىڭ② ئالماشتۇرۇش قىممىتىنىڭ ئۆرلىشى ياكـى پەسىيىشى بىلەن مۇناسىۋەتـسىز بولۇشى مۇمـكىن؛ ياكـى بولمىسا، كاپىتالىستنىڭ تاپىدىغان پايدىسى ئەمگەك قوراللىرىنىڭ ياخشىلىنىشى، تەبىئەت كۈچلىرىدىن پايدىلىنىش جەھەتـتە يېڭى ئۇسۇلـلارنىڭ قولـلىنىلىشى ۋاھـاكازالار ئارقىسـىدا كۆپىيىـشى مۇمكىن، دېيىشەر.

---

① 1891 ـ يىلـدىكى نەشرىدە "ئەمگەكـنىڭ ئالماشـتۇرۇش قىممىتى" دېـگەن سوز "ئەمگەككە تېگىدىغان ئۈلۈش" دەپ ئۆزگەرتىلـگەن. — تەھرىردىن

② 1891 ـ يىلـدىكى نەشرىـدە "ئەمگەكـنىڭ" دېگەن سوز "ئەمـگەك كۈچىنىڭ" دەپ ئۆزگەرتىلگەن. — تەھرىردىن

ھەممىدىن ئاۋال شۇنى ئېتىراپ قىلىش لازىمكى، ئېرىشىلگەن نەتىجە، گەرچە ئەكسىچە يول بىلەن ئېرىشىلگەن بولسىمۇ، بەربىر يەنىلا ئاۋالقىدەك بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. دەرۋەقە، پايدىنىڭ ئېشىشىغا ئىش ھەققىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى سەۋەپ بولمىسىمۇ، لېكىن پايدىنىڭ كۆپىيىشى ئارقىسىدا ئىش ھەققى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. كاپىتالىست بۇرۇنقى بىلەن ئوخشاش مىقداردىكى ئەمگەككە① تېخىمۇ كۆپ ئالماشتۇرۇش قىممىتىنى سېتىۋالىدۇ، لېكىن بۇ ئەمگەك ئۈچۈن بىر تىيىنمۇ ئارتۇق پۇل تۆلىمەيدۇ. دېمەك، ئەمگەككە تۆلىنىدىغان ھەق ئۇنىڭ كاپىتالىستقا بېرىدىغان ساپ دارامىتىگە قارىغاندا ئازىيىپ كېتىدۇ.

بۇنىڭدىن تاشقىرى، شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈشىمىز كېرەككى، شاگىپىنىڭ باھاسىدا ھەرقانچە تەۋرىنىش بولسا بولۇۋەرسۇن، ھەر بىر شاگىپىنىڭ ئوتتۇرىچە باھاسى، يەنى ئۇنىڭ باشقا شاگىپىن بىلەن ئالماشتۇرۇلۇش نىسبىتى، ھامان، **ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى** تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. شۇ سەۋەپتىن، كاپىتالىستلارنىڭ پايدىسى بىر بىرىگە كەتسىمۇ، لېكىن ئۇ چوقۇم پۈتۈن كاپىتالىستلار سىنىپى دائىرىسىدە تەڭشىلىپ تۇرىدۇ. ماشىنىلارنىڭ ياخشىلىنىشى، ئىشلەپچىقىرىشتا تەبىئەت كۈچلىرىدىن پايدىلىنىش جەھەتتە يېڭى ئۇسۇللارنىڭ قوللىنىلىشى ئارقىسىدا، مۇئەييەن ئەمگەك ۋاقتى ئىچىدە، بۇرۇنقى بىلەن ئوخشاش مىقداردىكى ئەمگەك ۋە كاپىتالدىن پايدىلىنىپ، تېخىمۇ كۆپ مەھسۇلاتلارنى

① 1891-يىلدىكى نەشرىدە "ئەمگەككە" دىگەن سۆز "باشقىلارنىڭ ئەمگىگىگە" دەپ ئۆزگەرتىلگەن. — تەھرىردىن

ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش مۇمكىن، لېكىن تېخىمۇ كۆپ ئالماشتۇرۇش قىممىتىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر مەن يىپ ئىگىرىش ماشىنىسىنى ئىشلىتىپ، سائىتىگە، بۇ ماشىنا كەشىپ قىلىنىشتىن بۇرۇنقى مەھسۇلاتقا قارىغاندا بىر ھەسسە كۆپ مىقداردا يىپ ئىشلەپچىقىرالىغان بولسام، مەسىلەن، بۇرۇنقى 50 قاداق يىپ ئورنىغا 100 قاداق يىپ ئىشلەپچىقىرالىغان بولسام، مۇشۇ 100 قاداق يىپنى ئالماشتۇرۇش① يولى بىلەن ئىگە بولغان شاڭپىنىم بۇرۇن 50 قاداق يىپنى ئالماشتۇرۇش يولى بىلەن ئىگە بولغان شاڭپىنىمغا قارىغاندا كۆپ بولمايدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، يىپ ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىنىڭ تەڭ نىسپى كېمەيدى، ياكى بولمىسا، ئەمدى مەن بۇرۇنقىغا تەڭ كېلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىنى سەرپ قىلىپ، بۇرۇنقىدىن بىر ھەسسە كۆپ مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرالايمەن.

ئاخىردا، كاپىتالىستلار سىنىپىنىڭ، يەنى بۇرژۇئازىيىنىڭ (مەيلى بىر مەملىكەتتىكىسى بولسۇن ياكى پۈتۈن دۇنيا بازىرىدىكىسى بولسۇن) ئىشلەپچىقىرىشتىن كەلگەن ساپ دارامەتنى ئۆزئارا قانداق نىسبەتتە تەقسىم قىلىۋېلىشىدىن قەتئىي نەزەر، بۇ ساپ دارامەتنىڭ ئومۇمى سوممىسى، ئاخىرقى ھېساپتا، جانلىق ئەمگەك② تەرىپىدىن پۈتۈن جۇغلانغان ئەمگەككە قوشۇلغان

① 1891-يىلدىكى نەشرىدە "ئالماشتۇرۇش" دىگەن سۆزنىڭ ئالدىغا "مۇئەييەن ۋاقىت ئىچىدە" دىگەن سۆز قوشۇلغان. — تەھرىردىن

② 1891-يىلدىكى نەشرىدە "جانلىق ئەمگەك" دىگەن سۆز "بىۋاسىتە ئەمگەك" دەپ ئۆزگەرتىلگەن. — تەھرىردىن

سوممىدىنىلا ئىبارەت. دىمەك، بۇ ئومۇمى سوممىا ئەمگەكىنىڭ كاپىتالنى كوپەيتىشىنىڭ نىسبىتى بويىچە، يەنى پايدىنىڭ ئىش ھەققىگە قارىغاندا كوپىيىشىنىڭ نىسبىتى بويىچە كوپىيىدۇ.

دىمەك، مەسلىنى پەقەت **كاپىتال بىلەن ياللانما ئەمگەكنىڭ مۇناسىۋىتى دائىرىسىدە** كۆزەتسەكمۇ، **كاپىتالنىڭ مەنپەئەتى بىلەن ياللانما ئەمگەكنىڭ مەنپەئەتىنىڭ پۈتۈنلەي قارىمۇ-قارشى** ئىكەنلىكى بىزگە مەلۇم بولىدۇ.

كاپىتالنىڭ چاپسان كوپىيىشى دىگەنلىك پايدىنىڭ چاپسان كوپىيىشى دىگەنلىكتۇر. پايدىنىڭ چاپسان كوپىيىشى بولسا ئەمگەكنىڭ ئالماشتۇرۇش قىممىتىمۇ① چاپسان توۋەنلىگەن، نىسبى ئىش ھەققىمۇ چاپسان توۋەنلىگەن شارائىتتىلا مۇمكىن بولىدۇ. ئەمىلىي ئىش ھەققى نامىدىكى ئىش ھەققى بىلەن، يەنى ئەمگەكنىڭ پۇل بىلەن ئىپادىلىنىدىغان قىممىتى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا كوپەيگەن ئەھۋالدىمۇ، ئەمىلىي ئىش ھەققى پايدا بىلەن تەڭ دەرىجىدە كوپەيمىسىلا، نىسبى ئىش ھەققى يەنىلا توۋەنلەپ كىتىشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئىگىلىك رونەق تاپقان چاغلاردا، ئەگەر ئىش ھەققى 5%، پايدا 30% ئوسسە، ئۇ ھالدا سېلىشتۇرما ئىش ھەققى، يەنى نىسبى ئىش ھەققى **كوپەيگەن بولمايدۇ، بەلكى توۋەنلەپ كەتكەن بولىدۇ.**

دىمەك، بىر تەرەپتىن، كاپىتال چاپسان كوپىيىۋاتقان ئەھۋالدا، ئىشچىنىڭ دارامىتى مەلۇم دەرىجىدە كوپەيىسىمۇ، لېكىن، يەنە بىر

---

① 1891-يىلدىكى نەشرىدە "ئەمگەكنىڭ ئالماشتۇرۇش قىممىتى" دىگەن سوز "ئەمگەك باھاسى" دەپ ئوزگەرتىلگەن. — تەھرىردىن

**تەرەپتىن**، ئەينى ۋاقىتتا كاپىتالىست بىلەن ئىشچى **ئوتتۇرىسىدىكى** ئىجتىمائى خەندەكمۇ كېڭىيىۋېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كاپىتالنىڭ ئەمگەك ئۇستىدىن ھوكۇمرانلىق قىلىش ھوقۇقى، ئەمگەكنىڭ كاپىتالغا بېقىنىش دەرىجىسىمۇ ئېشىۋېرىدۇ.

كاپىتالنىڭ چاپسان كۆپىيىشى ئىشچىغا پايدا كەلتۈرىدۇ، دېگەن مۇلاھىزىنىڭ مەنىسى ئەمەلىيەتتە شۇنىڭدىنلا ئىبارەتكى، ئىشچى بىراۋنىڭ بايلىقىنى قانچە چاپسان كۆپەيتسە، ئىشچىنىڭ ئاغزىغا چۈشىدىغان ئېشىندا - يۇقۇندىلار شۇنچە كۆپ بولىدۇ، ئىش تاپالايدىغان ۋە تىرىكچىلىك قىلالايدىغان ئىشچىنىڭ سانى شۇنچە كۆپ بولىدۇ، كاپىتالغا بېقىنىپ قالغان قۇللارنىڭ سانى شۇنچە كۆپ ئاشىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، بىز تۆۋەندىكىلەرنى كۆرىمىز:

**شارائىت** ئىشچىلار سىنىپىغا **تازا پايدىلىق** بولغان، **كاپىتالنىڭ مۇمكىن قەدەر تېز ئۇسۇشى** ئىشچىنىڭ ماددى تۇرمۇشىنى ھەرقانچە ياخشىلىغان تەقدىردىمۇ، بۇنداق ئەھۋال ئىشچىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن بۇرژۇئازىنىڭ، يەنى كاپىتالىستنىڭ مەنپەئەتى ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ - قارشىلىق ھالىتىنى يوقىتالمايدۇ. **پايدا بىلەن ئىش ھەققى** يەنىلا **تەتۈر تاناسىپ** بولۇۋېرىدۇ.

مۇبادا كاپىتال تېز سۇرئەتتە كۆپەيسە، ئىش ھەققى ئۇسۇشى مۇمكىن؛ بىراق كاپىتالىستنىڭ پايدىسى مىسلىسىز تېز سۇرئەتتە كۆپىيىدۇ. ئىشچىنىڭ ماددى تۇرمۇشى ياخشىلىنىدۇ - يۇ، بۇنداق ياخشىلىنىش ئۇلارنىڭ ئىجتىمائى ئورنىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى ھېساۋىغا بولىدۇ. ئۇلار بىلەن كاپىتالىست ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائى خەندەك كېڭىيىدۇ.

ئاخىردا:

ئۇنۇملۇك كاپىتالىنىڭ مۇمكىن قەدەر تېز كۆپىيىشى ياللانما ئەمگەك ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق شارائىت، دېگەن مۇلاھىزىنىڭ مەنىسى ئەمەلىيەتتە شۇنىڭدىنلا ئىبارەتكى، ئىشچىلار سىنىپى ئۆزىگە دۈشمەن بولغان كۈچنى، يەنى ئۆزى ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بىراۋلارنىڭ بايلىقىنى قانچە تېز سۈرئەتتە ئاشۇرسا ۋە كۆپەيتسە، ئۇنىڭ تېخىمۇ پايدىلىق شارائىتتا بۇرژۇئازىيىنىڭ بايلىقىنى يېڭىۋاشتىن كۆپەيتىش، كاپىتال ھاكىمىيىتىنى يېڭىۋاشتىن كۈچەيتىش يولىدا خىزمەت قىلىشى ئۈچۈن شۇنچە مۇمكىنچىلىك تۇغۇلىدۇ — بۇنداق خىزمەت بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىشچىلار سىنىپى ياساپ بەرگەن ئالتۇن زەنجىر بىلەن ئىشچىلار سىنىپىنى يېتىلەپ مېڭىشى ئۈچۈنلا بولىدۇ، خالاس.

## 5

**كۆلن**، 4-ئاينىڭ 10-كۈنى. لېكىن، بۇرژۇئا ئىقتىساتشۇناسلىرى ئېيتقاندەك، **ئۇنۇملۇك كاپىتالنىڭ كۆپىيىشى** ھەققەتەن **ئىش ھەققىنىڭ ئۆسۈشى** بىلەن مەھكەم باغلانغانمۇ؟ بىز ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالماسلىقىمىز كېرەك. بىز ھەتتا ئۇلارنىڭ، كاپىتال قانچە ياغلىق بولسا، ئۇنىڭ قۇللىرى شۇنچە ياخشى بېقىلىدۇ، دېگەن سۆزلىرىگىمۇ ئىشەنمەسلىكىمىز كېرەك. بۇرژۇئازىيە بەكمۇ ئۇقۇمۇشلۇق، بەكمۇ پىششىق بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭدا فېئوداللاردا بولغىنىدەك ئۆزىنىڭ چاكارلىرىنىڭ زىبۇ-زىننەتلىرى بىلەن ماختىنىدىغان بىر تەرەپلىمە قاراش يوق. بۇرژۇئازىيىنىڭ

ياشاش شارائىتى ئۇنى پىخسىق بولۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

شۇ سەۋەپتىن، بىز مۇنۇ بىر مەسىلىنى تېخىمۇ تەپسىلى تەتقىق قىلىشىمىز لازىم:

**ئۇنۇملۇك كاپىتالىنىڭ ئوسۇشى ئىش ھەققىگە قانداق تەسىر كورستىدۇ؟**

ئەگەر بۇرژۇئازىيە جەمىيىتىنىڭ ئۇنۇملۇك كاپىتالى، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇزلۇكسىز ھالدا ئوسۇپ بارسا، ئەمگەكنىڭ جۇغلىنىشى **تېخىمۇ ھەر تەرەپلىمە** بولىدۇ. كاپىتالىنىڭ سانى ۋە كاپىتالنىڭ مىقتارى① كۇندىن-كۇنگە كوپىيىدۇ. كاپىتالنىڭ **كوپىيىشى كاپىتالىستلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەتنى** كۇچەيتىدۇ. كاپىتال **مىقتارىنىڭ كوپىيىشى سانائەتنىڭ جەڭ مەيدانىغا ئوت كۇچى تېخىمۇ شىددەتلىك بولغان كۇرەش قوراللىرى بىلەن قوراللانغان تېخىمۇ قۇدرەتلىك ئىشچىلار ئارمىيىسىنى** چىقىرىشقا ئىمكانىيەت بېرىدۇ.

بىر كاپىتالىست ئوزىنىڭ شاگىپىنلىرىنى تېخىمۇ ئەرزەن ساتقان ئەھۋالدىلا، باشقا بىر كاپىتالىستنى جەڭ مەيدانىدىن قوغلاپ چىقىرىش ھەمدە ئۇنىڭ كاپىتالىنى ئىگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ. بىراق، ئەرزەن سېتىش، ئەمما ۋەيران بولۇپ كەتمەسلىك ئۇچۇن، ئۇ ئەرزەن ئىشلەپچىقىرىشى، يەنى ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش كۇچلىرىنى مۇمكىن قەدەر كوپەيتىشى لازىم. ھالبۇكى، ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش كۇچلىرىنى كوپەيتىشنىڭ ئەڭ

---

① 1891-يىلدىكى نەشرىدە "كاپىتالنىڭ سانى ۋە كاپىتالنىڭ مىقتارى" دىگەن سوز "كاپىتالىستلارنىڭ سانى ۋە ئۇلاردىكى كاپىتالنىڭ مىقتارى" دەپ ئوزگەرتىلگەن. — تەھرىردىن

موھىم چارىسى **ئىشنى تېخىمۇ ئىنچىكە تەقسىم قىلىش، ماشىنىلارنى** تېخىمۇ ھەر تەرەپلىمە تەتبىق قىلىش ۋە دائىم ياخشىلاپ تۇرۇشتىن ئىبارەت. ئۆزىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىش تەقسىماتىنى يولغا قويىدىغان ئىشچىلار ئارمىيىسى قانچە زور بولسا، ماشىنىلارنىڭ تەتبىق قىلىنىش كۆلىمى قانچە كەڭ بولسا، ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى نىسبى ھالدا شۇنچە تېز كېمىيىدۇ، ئەمگەك شۇنچە ئۈنۈملۈك بولىدۇ. شۇڭا، كاپىتالىستلار ئوتتۇرىسىدا ھەر تەرەپلىمە رىقابەت پەيدا بولىدۇ: ئۇلار ئىش تەقسىماتىنى كېڭەيتىشكە ۋە ماشىنىلارنى كۆپەيتىشكە كۈچىنىڭ بېرىچە ھەركەت قىلىدۇ ھەمدە ماشىنىلاردىن مۇمكىن قەدەر كەڭ مىقياستا پايدىلىنىشقا تىرىشىدۇ.

ئەمما، مۇبادا مەلۇم بىر كاپىتالىست ئىشنى تېخىمۇ ئىنچىكە تەقسىم قىلىش، يېڭى ماشىنىلارنى تېخىمۇ كۆپ ئىشلىتىش ھەمدە ياخشىلاش ئارقىسىدا، تەبىەت كۈچلىرىدىن تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ۋە كەڭ تۈردە پايدىلىنىش ئارقىسىدا، بۇرۇنقىغا ئوخشاش مىقتاردىكى ئەمگەك، ياكى جۇغلانغان ئەمگەك بىلەن ئۆزىنىڭ رىقابەتچىلىرىنىڭكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ مەھسۇلات (يەنى شاڭپىن) ئىشلەپچىقىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالىسا، ئېيتايلى، ئۇ ئۆزىنىڭ رىقابەتچىلىرى يېرىم چى ماتا توقۇشقا سەرپ قىلغان ۋاقىت ئىچىدە بىر چى ماتا توقۇپ چىقىرالىسا، نېمە قىلاتتى؟

ئۇ يېرىم چى ماتانى داۋاملىق تۈردە ئەسلىدىكى بازار باھاسى بويىچە سېتىشى مۇمكىن، بىراق بۇنداق ئەھۋالدا ئۇ ئۆزىنىڭ رەقىبىنى جەڭ مەيدانىدىن قوغلاپ چىقىرالمايدۇ، ئۆزىنىڭ بازىرىنى كېڭەيتەلمەيدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ

كېڭىيىشى ئارقىسىدا، ئۇنىڭ شاڭپىن سېتىش بازىرىغا بولغان ئېھتىياجىمۇ ئاشىدۇ. دەرۋەقە، ئۇ ئىشلەتكەن تېخىمۇ كۈچلۈك، تېخىمۇ قىممەت باھالىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ئۇنى ئۆزىنىڭ شاڭپىنلىرىنى ئەرزەن باھادا سېتىش **ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ،** لېكىن بۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى، ئۆز نۆۋىتىدە، ئۇنى تېخىمۇ كۆپ شاڭپىنلارنى سېتىپ، ئۆزىنىڭ شاڭپىنلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ **چوڭ** بازارلارنى تالىشىشقا **مەجبۇر قىلىدۇ.** شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ كاپىتالىست يېرىم چى ماتانى ئۆزىنىڭ رىقابەتچىلىرىنىڭكىدىن ئەرزەنرەك ساتىدۇ.

گەرچە بۇ كاپىتالىست بىر چى ماتانى ئىشلەپچىقىرىشقا سەرپ قىلغان خىراجەت ئۇنىڭ رىقابەتچىلىرى يېرىم چى ماتانى ئىشلەپچىقىرىشقا سەرپ قىلغان خىراجەتتىن كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ بىر چى ماتانى ئۆزىنىڭ رىقابەتچىلىرى سېتىۋاتقان يېرىم چى ماتانىڭ باھاسىدا ساتمايدۇ. ئۇنداق قىلىدىغان بولسا، ھېچقانداق نەپ ئالالمايدۇ، بەلكى ئالماشتۇرۇش يولى بىلەن، ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىنىلا قايتۇرۇۋالغان بولىدۇ. ئەگەر شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ كىرىمى كۆپەيگەن بولسا، بۇ ئۇنىڭ كاپىتالى ئۆزىنىڭ قىممىتىنى باشقىلارنىڭ كاپىتالىنىڭكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ ئاشۇرغانلىقىدىن بولمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ تېخىمۇ كۆپ كاپىتالنى ئىشقا سالغانلىقىدىنلا بولىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇ ئۆزىنىڭ شاڭپىنلىرىغا ئۆزىنىڭ رىقابەتچىلىرىنىڭكىگە قارىغاندا بىرنەچچە پىرسەنت تۆۋەن باھا بەلگىلەيدىغان بولسا، ئۇ ئۆز مەقسىدىگە يەتكەن بولاتتى. ئۇ **باھانى تۆۋەنلەتسىلا**، ئۆزىنىڭ رىقابەتچىلىرىنى بازاردىن سىقىپ چىقىرالايدۇ، ياكى ھېچ بولمىغاندا ئۆز

رىقابەتچىلىرىنىڭ بىر قىسىم بازىرىنى تارتىۋالالايدۇ. ئەڭ ئاخىردا، شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتەيلى: مەلۇم بىر خىل شاڭپىنىنىڭ سانائەت ئۈچۈن قولايلىق بولغان ياكى قولايسىز بولغان مەۋسۇمدە سېتىلىشىغا قاراپ، جارى باھا ھامان **ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىدىن يۇقىرى** ياكى **تۆۋەن** بولۇپ تۇرىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى تېخىمۇ يۇقىرى بولغان يېڭى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئىشقا سالغان كاپىتالىستنىڭ ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىدىن تاشقىرى ئالىدىغان پىرسەنتى بىر چى ماتانىڭ بازار باھاسىنىڭ شۇ كەمگىچە بولۇپ كەلگەن ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىدىن يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولۇشىغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

ئەمما، بۇ كاپىتالىستنىڭ **ئىمتىيازى** ئۇزاق داۋام قىلالمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن رىقابەتلەشكەن كاپىتالىستمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ماشىنىلارنى ئىشلىتىدۇ، شۇنىڭغا ئوخشاش ئىش تەقسىماتىنى يولغا قويىدۇ ھەمدە بۇ ماشىنىلارنى ۋە ئىش تەقسىماتىنى شۇنىڭغا ئوخشاش ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كەڭ مىقياستا قوللىنىدۇ. بۇ يېڭى تەدبىرلەر شۇنداق كەڭ تۈردە ئومۇملىشىدۇكى، نەتىجىدە ماتانىڭ باھاسى **ئەسلىدىكى ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىدىن تۆۋەن بولۇپ قالماستىن**، بەلكى **يېڭى ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىدىنمۇ تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.**

شۇنداق قىلىپ، كاپىتالىستلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى يەنە يېڭى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ئىشقا سېلىنىشتىن **بۇرۇنقى** ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ؛ ئەگەر ئۇلار بۇنداق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئىشقا سېلىش ئارقىسىدا بۇرۇنقى باھادا بىر ھەسسە كۆپ مەھسۇلات يەتكۈزۈپ بېرەلىگەن بولسا، **ئەمدىلىكتە**

بۇرۇنقى باھادىن **تۆۋەن** باھادا بىر ھەسسە كۆپ مەھسۇلات سېتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇنداق ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى يېڭى پەللىدە تۇرغاندا، ھېلىقىدەك بىر بىرىگە ئۇرا كولاش كۈرىشى قايتىدىن باشلىنىدۇ. يەنە تېخىمۇ ئىنچىكە ئىش تەقسىماتى يولغا قويۇلىدۇ، ماشىنا سانى يەنە كۆپەيتىلىدۇ، بۇنداق ئىش تەقسىماتىدىن پايدىلىنىش دائىرىسى ۋە بۇ ماشىنىلارنى ئىشلىتىش كۆلىمى كۈندىن-كۈنگە كېڭىيىدۇ. رىقابەت بولسا يەنە بۇ نەتىجىگە ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشىمىز مۇمكىنكى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىدا ھامان ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىش، ئۈزلۈكسىز ئىنقىلاۋىيلىشىش بولۇپ تۇرىدۇ؛ **ئىش تەقسىماتى، مۇقەررەر ھالدا، ئىشنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەقسىم قىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؛ ماشىنىلارنىڭ ئىشلىتىلىشى، مۇقەررەر ھالدا، ماشىنىلارنىڭ يەنىمۇ كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؛ كەڭ مىقياستىكى ئىشلەپچىقىرىش، مۇقەررەر ھالدا، يەنىمۇ كەڭ مىقياستىكى ئىشلەپچىقىرىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.**

بۇ بىر قانۇنىيەت، بۇ قانۇنىيەت بۇرژۇئا ئىشلەپچىقىرىشنى ئاۋالقى ئىزىدىن ئارقىمۇ-ئارقا چىقىرىپ تۇرىدۇ ھەمدە كاپىتالنى ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى كۈچەيتىشكە مەجبۇر قىلىدۇ، **چۈنكى** ئۇ ئىلگىرى ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى كۈچەيتكەن ئىدى؛ بۇ قانۇنىيەت كاپىتالغا بىر مىنۇتمۇ تىنىم بەرمەيدۇ، ئۇنى ھەمىشە: ئالغا! ئالغا! دەپ سۈيلەپ تۇرىدۇ.

بۇ قانۇنىيەت، دەل سودىنىڭ دەۋرىي خاراكتېرلىق داۋالغۇشى

داۋامىدا، مۇقەررەر ھالدا، شاگىپىن باھاسىنى شاگىپىن **ئىشلەپچە-قىرىش خىراجىتى** بىلەن بىردەك قىلىپ تۇرىدىغان قانۇنىيەتنىڭ ئۆزى.

بىر كاپىتالىستىنىڭ ئۇنۇمى ھەرقانچە يۇقىرى بولغان ئىشلەپ-چىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئىشقا سېلىشىدىن قەتئىي نەزەر، رىقابەت، ھامان، بۇنداق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ئىشقا سېلىنىشىنى ئومۇمى ئەھۋالغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ، ھالبۇكى، بۇنداق ئىشلەپ-چىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ئىشقا سېلىنىشى ئومۇمى ئەھۋال بولۇپ قالغان ھامان، ئۇنىڭ كاپىتالىنىڭ تېخىمۇ چوڭ ئۇنۇمگە ئىگە بولۇشىدىن كېلىپ چىقىدىغان بىردىن-بىر ئاقىۋەت شۇنىڭدىنلا ئىبارەت بولىدۇكى، ئۇ **ئەسلىدىكى باھانى قولدىن بەرمەسلىك ئۈچۈن**، ئىلگىرىكىگە قارىغاندا 10 ھەسسە، 20 ھەسسە، 100 ھەسسە كوپ بولغان شاگىپىننى يەتكۈزۈپ بېرىشى لازىم. لېكىن، ئەمدى ئۇ سېتىش باھاسىنىڭ تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكىدىن كەلگەن زىياننى ساتىدىغان مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقتارىنى كوپەيتىش يولى بىلەن قاپلىۋېلىش ئۈچۈن، بەلكىم ئىلگىرىكىگە قارىغاندا مىڭ ھەسسە كوپ بولغان شاگىپىننى سېتىشقا مەجبۇر بولغاچقا؛ ئەمدى ئۇ پايدا ئېلىش① مەقسىدىدىلا ئەمەس، بەلكى ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىنىمۇ چىقىرىۋېلىش مەقسىدىدە تېخىمۇ كوپ شاگىپىن سېتىشقا مەجبۇر بولغاچقا (ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ ئۆزىنىڭمۇ كۈندىن-كۈنگە قىممەتلىشىپ كېتىدىغانلىقى ئۈستىدە توختىلىپ

---

① 1891-يىلدىكى نەشرىدە "پايدا ئېلىش" دىگەن سوز "تېخىمۇ كوپ پايدا ئېلىش" دەپ ئۆزگەرتىلگەن. — تەھرىردىن

ئۆتكەن ئىدۇق)؛ بۇ چاغدا بۇنداق كۆپلەپ سېتىش ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ رىقابەتچىسى ئۈچۈنمۇ ھايات-مامات مەسىلىسى بولۇپ قالغاچقا، ئىلگىرىكى كۈرەش **كەشىپ قىلىنغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى زور بولۇپ بېرىۋېرىشى بىلەن دەھشەتلىك ۋە رەھىمسىز ھالدا كەسكىنلىشىۋېرىدۇ. شۇ سەۋەپتىن، ئىش تەقسىماتىنى يولغا قويۇش ۋە ماشىنىنى ئىشقا سېلىش يەنە تېخىمۇ مىسلىسىز كەڭ مىقياستا ئەۋج ئېلىپ كېتىدۇ.**

ئىشقا سېلىنغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ كۈچىنىڭ ھەر-قانچە قۇدرەتلىك بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، رىقابەت، ھامان، كاپىتالىنىڭ بۇنداق قۇدرەتلىك كۈچتىن ئالغان ئالتۇن مېۋىلىرىنى تارتىۋېلىپ، شاڭپىننىڭ باھاسىنى ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىنىڭ دەرىجىسىگە چۈشۈرۈشكە ئىنتىلىدۇ؛ دېمەك، تېخىمۇ ئەرزەن ئىشلەپچىقىرىش ئىمكانىيىتى، يەنى ئىلگىرىكىگە ئوخشاش مىقتار-دىكى ئەمگەك بىلەن تېخىمۇ كۆپ مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش ئىمكانىيىتى بولىدىغانلا بولسا، رىقابەت ئەرزەن ئىشلەپچىقىرىشنى، يەنى ئەسلى باھا بويىچە، بارغانسېرى كۆپ مىقتاردا مەھسۇلات يەتكۈزۈپ بېرىشنى تەۋرەنمەس قانۇنىيەت قىلىپ قويىدۇ. دېمەك، كاپىتالىستىنىڭ كۈچ چىقىرىشىدىن شۇنداق نەتىجە كېلىپ چىقى-دۇكى، ئۇ ئوخشاش بىر ئەمگەك ۋاقتى ئىچىدە تېخىمۇ كۆپ شاڭپىن ئىشلەپچىقارغاندىن تاشقىرى، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، **ئۆزىنىڭ كاپىتالىنىڭ قىممىتىنىڭ كۆپىيىش شارائىتىنى يامانلاشتۇرغاندىن** تاشقىرى، ھېچقانداق پايدا كۆرمەيدۇ. شۇڭلاشقا، گەرچە رىقابەت ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى توغرىسىدىكى قانۇنىيىتى

ئارقىلىق، ھەمىشە، كاپىتالىستنى دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ قېلىشقا مەجبۇر قىلىپ، ئۆزىنىڭ رىقابەتچىسىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ياسىغان بارلىق قوراللىرىنى ئۇنىڭ ئۆزىگە قارىتىپ قويىدۇ، لېكىن كاپىتالىست، ھامان، رىقابەتتە غەلىبە قىلىش كويىدا بولۇپ، كونا ماشىنىلار ۋە كونا ئىش تەقسىماتى ئورنىغا، قىممەترەك بولسىمۇ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەرزەنلەشتۈرىدىغان يېڭى ماشىنىلارنى ئىشلىتىش، يېڭى ئىش تەقسىماتىنى يولغا قويۇش يولىدا ھارماي ـ تالماي تىرىشىدۇ، شۇنىڭدەك رىقابەتنىڭ بۇ يېڭى تەدبىرلەرنى كونىرىتىپ قويۇشىنى كۈتۈپ تۇرماستىن، بۇ ئىشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ.

ئەمدى بىز بۇنداق قاتتىق ھاياجانلىق **ئەينى ۋاقىتتا پۈتكۈل دۇنيا بازىرىنىمۇ** ئۆز گىرداۋىغا ئالىدى دەپ پەرەز قىلىدىغان بولساق، ئۇ ھالدا، كاپىتالىنىڭ كۆپىيىشى، جۇغلىنىشى ۋە توپ-لىنىشىنىڭ قانداق قىلىپ ئۈزلۈكسىز بولۇپ تۇرىدىغان، كۈندىن ـ كۈنگە يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان، تېخىمۇ كەڭ مىقياستا ئېلىپ بېرىل-دىغان ئىش تەقسىماتىنى، يېڭى ماشىنىلارنىڭ ئىشقا سېلىنىشىنى، كونا ماشىنىلارنىڭ ياخشىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالىمىز.

**ئۈنۈملۈك كاپىتالىنىڭ كۆپىيىشىدىن ئايرىلمايدىغان بۇ ئەھۋاللار ئىش ھەققىنىڭ بەلگىلىنىشىگە قانداق تەسىر كۆر-سىتىدۇ؟**

ئىشنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا **تەقسىم** قىلىنىشى **بىر** ئىشچىنى 5 ـ 10 ھەتتا 20 ئىشچىنىڭ ئىشىنى قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئىشچىلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت

5 ھەسسە، 10 ھەسسە ھەتتا 20 ھەسسە كۆچىيىدۇ. ئىشچىلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت بىر ئىشچىنىڭ ئوزىنى باشقا بىر ئىشچىغا قارىغاندا ئەرزەنرەك سېتىشىدىلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، بەلكى **بىر** ئىشچىنىڭ 5 ـ 10 ھەتتا 20 ئىشچىنىڭ ئىشىنى قىلىشىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. كاپىتال تەرىپىدىن يولغا قويۇلغان ۋە ھەمىشە كېڭىيىپ تۇرىدىغان **ئىش تەقسىماتى** ئىشچىلارنى بۇنداق رىقابەتنى ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن قالسا، **ئىش تەقسىماتى** قانچىكى كوپەيسە، ئەمگەك شۇنچە **ئاددىيلىشىدۇ.** ئىشچىنىڭ **ئالاھىدە ماھارەتلىك** بولۇشى ھېچقانداق قىممەتكە ئىگە بولمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئىشچى ئاددىي، بىر خىللا ئىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلىنىپ قالىدۇ ـ دە، ئۇنىڭ جىسمانى ياكى ئەقلىي جەھەتتە ئالاھىدە بىلىمگە ۋە ھۈنەرگە ئىگە بولۇشى ھاجەتسىز بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئەمگىكى ھەممە كىشىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئەمگەك بولۇپ قالىدۇ. شۇڭلاشقا، ئىشچى ھەممە تەرەپتىن چەتكە قېقىلىدۇ؛ شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئوتەيلىكى، بىرەر ئىش قانچە ئاددىي بولسا، ئۇنى ئۆگىنىۋېلىشمۇ شۇنچە ئاسان بولىدۇ، بۇنداق ئىشنى ئۆگىنىۋېلىشقا كېتىدىغان ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى قانچە ئاز بولسا، ئىش ھەققىمۇ شۇنچە تۆۋەنلەپ كېتىدۇ، چۈنكى بارلىق شاڭپىننىڭ باھاسىغا ئوخشاش، ئىش ھەققىمۇ ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ.

**قىسقىسى، ئەمگەك كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۇرمەيدىغان بولۇپ قالغانسېرى، كىشىنى زېرىكتۈرىدىغان بولۇپ قالغانسېرى، رىقابەتمۇ كەسكىنلىشىۋېرىدۇ، ئىش ھەققىمۇ ئازىيىۋېرىدۇ.**

ئىشچى ئۆز ئىش ھەققىنىڭ ئومۇمى سوممىسىنى ساقلاپ قالماقچى بولۇپ، كۆپرەك ئەمگەك قىلىدۇ: بىر نەچچە سائەت كۆپ ئىشلەيدۇ، ياكى بىر سائەت ئىچىدە تېخىمۇ كۆپ مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىشچى مۇھتاجلىقنىڭ مەجبۇر قىلىشى ئارقىسىدا، ئىش تەقسىماتىنىڭ ئىنتايىن خەۋپلىك ئاقىۋىتىنى ئېغىرلاشتۇرۇ-ۋېرىدۇ. بۇنىڭدىن چىقىدىغان نەتىجە شۇنداق بولىدۇكى، **ئۇ قانچە كۆپ ئىشلىسە، شۇنچە ئاز ئىش ھەققى ئالىدۇ**. بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددى: ئۇ قانچە كۆپ ئىشلىسە، ئۆزى بىلەن بىللە ئىشلەۋاتقان دوستلىرىغا شۇنچە كەسكىن رىقابەت تۇغدۇرىدۇ، شۇنداق قىلىپ، ئۆزى بىلەن بىللە ئىشلەۋاتقان دوستلىرىنى ئۆزىنىڭ رىقابەتچىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ، بۇ رىقابەتچىلەرمۇ، ئۇنىڭغا ئوخشاش، يامان شەرت-شارائىتتا ئۆزلى-رىنى ساتىدۇ. دېمەك، بۇنىڭ سەۋەبىمۇ ئوخشاشلا ناھايىتى ئاددى: ئۇ، ئاخىرقى ھېساپتا، **ئۆزىگە ئۆزى، يەنى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتىدە ئۆزىگە ئۆزى** رىقابەت تۇغدۇرىدۇ.

**ماشىنىلارمۇ** شۇنىڭغا ئوخشاش تەسىر كۆرسىتىدۇ، يەنە كېلىپ تېخىمۇ كەڭ مىقياستا تەسىر كۆرسىتىدۇ، چۈنكى ماشىنىلار مەلىكىلىك ئىشچىلارنىڭ ئورنىغا مەلىكىلىك بولمىغان ئىشچىلارنى، ئەر ئىشچى-لارنىڭ ئورنىغا ئايال ئىشچىلارنى، قورامىغا يەتكەن ئىشچىلارنىڭ ئورنىغا بالا ئىشچىلارنى قويىدۇ؛ چۈنكى، ماشىنىلار ھەممىدىن ئاۋال ئىشلىتىلگەن جايلاردا، ماشىنىلار تالاي-تالاي قول سانائەت ئىشچى-لىرىنى كوچىلارغا چىقىرىپ تاشلايدۇ، ماشىنىلار كۈندىن-كۈنگە مۇكەممەللەشكەن، ياخشىلانغان، ياكى ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى

تېخىمۇ يۇقۇرى بولغانلىرى بىلەن ئالماشتۇرۇلغان جايلاردا بولسا،
ماشىنىلار يەنە تۇركۇم-تۇركۇم ئىشچىلارنى سىقىپ چىقىرىۋېتىدۇ.
بىز يۇقۇرىدا كاپىتالىستلار ئوتتۇرىسىدا سانائەت ساھەسىدە بولى-
دىغان ئۇرۇشنى قىسقىچە تەسۋىرلەپ ئوتتۇق. **بۇنداق ئۇرۇشنىڭ
شۇنداق بىر خۇسۇسىيىتى باركى، ئۇنىڭدا يېڭىپ چىقىشنىڭ
چارىسى ئەمگەك ئارمىيىسىنى كۆپەيتىش دىگەندىن كۆرە،
ئەمگەك ئارمىيىسىنى قىسقارتىۋېتىش دىگەن تۇزۇك. قوماندان-
لار — كاپىتالىستلار تېخىمۇ كۆپ سانائەت ئەسكەرلىرىنى
بوشىتىۋېتىش يولىدا ئۆزئارا مۇسابىقىلىشىدۇ.**

دۇرۇس، ئىقتىساتشۇناسلارنىڭ بىزگە ئېيتىشىچە، ماشىنىلارنىڭ
ئىشلىتىلىشى ئارقىسىدا ئارتۇقچە بولۇپ قالغان ئىشچىلار **يېڭى**
سانائەت تارماقلىرىدىن ئىش تېپىۋالارمىش.

ئۇلار يېڭى ئەمگەك تارماقلىرىدىن ماكان تاپالايدىغانلار دەل
ئىشتىن بوشىتىۋېتىلگەن ئىشچىلار دەپ توغرىدىن-توغرا مۇئەيى-
يەنلەشتۇرۇپ ئېيتىشقا پېتىنالمايدۇ. پاكىتلار بۇنداق يالغان-
ياۋىداق سۆزلەرنى رەھىمسىز رەۋىشتە تارمار قىلىپ تاشلىدى.
ئەمەلىيەتتە، ئۇلار، **ئىشچىلار سىنىپىنىڭ باشقا تەركىۋىي قىسمى**
ئۈچۈن، مەسىلەن، ھالىدىن كەتكەن سانائەت تارماقلىرىغا
كىرىشكە تەييار بولۇپ تۇرغان بىر قىسىم ياش ئىشچىلار ئۈچۈن
يېڭى ئىمكانىيەت — ئىشقا ئورۇنلىشىش يولى ۋۇجۇتقا كېلىدۇ، دەپ
مۇئەييەنلەشتۇرۇپ ئېيتىدۇ. بۇ، ئەلۋەتتە، بەختسىز ئىشچىلار
ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ تەسەللى. كاپىتالىست لوردلار ئېكسپىلا-
تاتسىيە قىلىش ئۈچۈن يارامىلىق بولغان يېڭى گوش-قانلاردىن
قىسىلمايدۇ، شۇڭا ئۇلار ئۆلگەنلەرنىڭ ئۆز جەسەتلىرىنى كۆمۈشى-

گە رۇخسەت قىلىدۇ. بۇنداق تەسەللىنى ئىشچىلار ئۇچۇن بولغان تەسەللى دېگەندىن كورە، كاپىتالىستلارنىڭ ئوزلىرى ئۇچۇن بولغان تەسەللى دېگەن تۇزۇك. شۇنى بىلىش كېرەككى، مۇبادا ماشىنىلار پۇتكۇل يالللانما ئىشچىلار سىنىپىنى يوقىتىپ تاشلايدىغان بولسا، كاپىتال ئىنتايىن دەھشەتلىك كۇنگە قالىغان بولاتتى، چۇنكى يالللانما ئەمگەك بولمىسا، كاپىتال كاپىتال بولۇپ تۇرالمايدۇ!

تۇغرىدىن ـ تۇغرا ماشىنىنىڭ سىقىشى بىلەن بىرەر سانائەت تارمىقىدىن چىقىرىۋېتىلگەن ئىشچىلارنىڭ، شۇ سانائەت تارمىقىغا يالللىنىشنى كوزلەپ يۇرگەن بىر قىسىم ياش ئىشچىلارنىڭ **ھەممىسى يېڭى ئىش تاپالايدۇ** دەپ پەرەز قىلىپ كورەيلى. ئۇلارنىڭ يېڭى ئىشىغا تولىنىدىغان ئىش ھەققى ئۇلارنىڭ قولىدىن كەتكەن ئىشىغا تولەنگەن ئىش ھەققى بىلەن تەڭ بولىدۇ دەپ ئىشىنىشكە بولامدۇ؟ **شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئۇنداق ئەھۋال بازلىق ئىقتىسادىي قانۇنىيەتلەرگە خىلاپ كېلىدۇ.** بىز، ھازىرقى زامان سانائىتى بىر قەدەر مۇرەككەپ ۋە بىر قەدەر يۇقۇرى دەرىجىلىك ئىشلارنىڭ ئورنىغا، كوپىنچە، ئاددى ۋە توۋەن دەرىجىلىك ئىشلارنى قويىدۇ، دېگەن ئىدۇق.

شۇنداق ئىكەن، ماشىنىلارنىڭ سىقىشى بىلەن بىرەر سانائەت تارمىقىدىن چىقىرىۋېتىلگەن، **تېخىمۇ توۋەن ۋە تېخىمۇ ناچار ھەق** ئېلىشقا رازى بولمىغان زور بىر تۇركۇم ئىشچىلار يەنە قانداق قىلىپ باشقا تارماقلاردىن ماكان تاپالىسۇن؟

بەزىلەر، ماشىنا ياساش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىشچىلار بۇرۇنقىدىن مۇستەسنا، دېيىشىدۇ. ئۇلار، سانائەتتە تېخىمۇ

كوپ ماشىنىلار كېرەك قىلىنىدىغان ۋە ئىشلىتىلىدىغان بولغاچقا، ماشىنىلارنىڭ سانى مۇقەررەر ھالدا كۆپىيىپ بارىدۇ، شۇڭا ئارقىسىدا ماشىنىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىمۇ مۇقەررەر ھالدا كۆپىيىپ بارىدۇ، شۇ ئىشلەپچىقىرىش تارمىقىدا ئىشلەيدىغان ئىشچىلارنىڭ سانىمۇ بۇنىڭغا ئەگىشىپ مۇقەررەر ھالدا كۆپىيىپ بارىدۇ؛ ھالبۇكى، بۇ سانائەت تارمىقىدا ئىشلەيدىغان ئىشچىلار مەلىكىلىك ئىشچىلاردىن، يەنە كېلىپ تەربىيە كۆرگەن ئىشچىلار-دىن بولىدۇ، دېيىشىدۇ.

ئەسلىدىمۇ يېرىم-ياتىسىلا توغرا بولغان بۇ مۇلاھىزىدە 1840-يىلدىن باشلاپ توغرىلىقتىن قىلچە ئەسەر قالمىدى، چۈنكى ماشىنا ئىشلەپچىقىرىش تارمىقىدىمۇ، پۇتۇنلەي پاختا يىپ ئىشلەپچىقىرىش تارمىقىدىكىگە ئوخشاش، ماشىنا كۈندىن-كۈنگە كوپ تەرەپلىمە ئىشلىتىلىۋاتىدۇ، ماشىنا ئىشلەپچىقىرىش تارماق-لىرىدىكى ئىشچىلار ئىنتايىن مۇكەممەل ماشىنىلارغا قارىغاندا ئىنتايىن مۇكەممەل بولمىغان ماشىنىلارنىڭ رولىنىلا ئوينىيالايدۇ.

لېكىن، بىر ئەر ئىشچى ماشىنا تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىۋې-تىلگەندىن كېيىن، زاۋۇت ئۇنىڭ ئورنىغا، ئېھتىمال، ئۈچ بالا ئىشچى ۋە بىر ئايال ئىشچىنى ياللاپ ئالار! ئىلگىرى بىر ئەر ئىشچىنىڭ ئىش ھەققى ئۇنىڭ ئۈچ بالىسى ۋە خوتۇنىنى بېقىشقا يېتىشى كېرەك ئەمەسمىدى؟ ئىلگىرى ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققى ئىشچىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداشقا ۋە ئىشچىنىڭ نەسلىنى ئاۋۇتۇشقا يېتىشى كېرەك ئەمەسمىدى؟ بۇرژۇئازىيە ئاغزىدىن چۈشۈر-مەيدىغان بۇ گەپلەر بۇ يەردە زادى نېمىنى ئىسپاتلايدۇ؟ پەقەت بىرلا نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ: ئەمدى بىر ئىشچى ئائىلىسىنىڭ

تۇرمۇشنى قامدايدىغان ئىش ھەقىقىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، بۇرۇنقىدىن **ئۈچ ھەسسە** كۆپ ئىشچى ئۆمرى سەرپ بولىدۇ.

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا: **ئۈنۈملۈك كاپىتال قانچە كۆپەيسە، ئىش تەقسىماتى ۋە ماشىنىلارنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى شۇنچە كېڭىيىدۇ. ئىش تەقسىماتى ۋە ماشىنىلارنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى قانچە كېڭەيسە، ئىشچىلار ئارىسىدىكى رىقابەت شۇنچە كەسكىنلىشىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىش ھەققى شۇنچە ئازىيىدۇ.**

ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىشچىلار سىنىپى **بىر قەدەر يۇقۇرى ئىجتىمائىي تەبىقىلەر** ئارىسىدىنمۇ تولۇقلىنىدۇ؛ پۈرولېتارىيات قاتارىغا چۈشۈپ قالغان كۆپلىگەن ئۇششاق سانائەتچىلەر ۋە ئۇششاق سۇتىخورلارنىڭ ئىشچىلار بىلەن بىرلىكتە چاپسان قول سۇنۇپ ئىش سوراشتىن باشقا ھېچقانداق ئامالى يوق. شۇنداق قىلىپ، ئىش سوراپ سۇنۇلغان قوللار، خۇددى ئورمانغا ئوخشاش، بارغانسېرى قويۇقلىشىپ بارىدۇ، بۇ قوللارنىڭ ئۆزلىرى بولسا بارغانسېرى ئاۋاقلىشىپ كېتىدۇ.

ئۆز ئۆزىدىن مەلۇمكى، ئۇششاق سانائەتچىلەر بۇنداق ئۇرۇشقا① بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ: بۇنداق ئۇرۇشنىڭ ئەڭ موھىم شەرتلىرىدىن بىرى ئىشلەپچىقىرىش مىقياسىنىڭ ھەمىشە كېڭىيىپ بېرىشىدىن، يەنى ھەرگىز ئۇششاق سانائەتچى بولماستىن، بەلكى چوقۇم چوڭ سانائەتچى بولۇشتىن ئىبارەت.

ئەلۋەتتە، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزاھلاپ ئۆتۈش

---

① 1891-يىلدىكى نەشرىدە "ئۇرۇشقا" دېگەن سوز "كۈرەشكە" دەپ ئۆزگەرتىلگەن. — تەھرىردىن

هاجەتسىز بولغان يەنە بىر نۇقتىمۇ بار: كاپىتال قانچە كۆپەيسە، ئۇنىڭ ئومۇمى مىقتارى ۋە سانى قانچە كۆپەيسە، ئۇنىڭ ئۆسۈمى شۇنچە ئازىيىدۇ؛ شۇ سەۋەپتىن، ئۇششاق سۇتخورلار ئۆز تۇرمۇشىنى ئۆزىنىڭ ئۆسۈمى بىلەن قامداپ كېتەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ، ئۆزلىرىنى سانائەت تەرەپكە ئېتىشقا، يەنى ئۇششاق سانائەتچىلەر قاتارىنى تولۇقلاشقا، شۇنىڭ بىلەن پۇرولېتارلارغا كاندىدات بولغانلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

ئاخىردا، يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان تەرەققىيات جەريانى كاپىتالىستلارنى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان غايەت زور ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى كۈندىن-كۈنگە كەڭ مىقياستا ئىشقا سېلىشقا ھەمدە شۇ مەقسەتتە بارلىق ئامانەت-قەرز ئورگانلىرىنى ھەركەتكە كەلتۈرۈشكە مەجبۇر قىلغانسېرى، "يەر تەۋرەش"①مۇ ئاۋۇپ كېتىۋېرىدۇ، ھەر قېتىم يەر تەۋرىگەندە، سودا ساھەسى بىر قىسىم بايلىق، مەھسۇلات ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى دەپنە قىلىش ئارقىسىدىلا ساقلىنىپ قالىدۇ، — دېمەك، **ۋېيجى** بارغانسېرى كەسكىنلىشىدۇ. بۇنداق ۋېيجىنىڭ بارغانسېرى ئاۋۇپ بېرىشى ۋە بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ بېرىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، مەھسۇلاتلارنىڭ ئومۇمى مىقتارىنىڭ كۆپىيىشى، يەنى بازارلارنى كېڭەيتىشكە بولغان ئېھتىياجنىڭ ئېشىپ بېرىشى ئارقىسىدا، دۇنيا بازىرى بارغانسېرى تارىيىپ بارىدۇ، پايدىلىنىشقا يارايدىغان بازارلار②

① 1891-يىلدىكى نەشرىدە، "يەر تەۋرەش" دېگەن سۆز "سانائەتتىكى يەر تەۋرەش" دەپ ئۆزگەرتىلگەن. — تەھرىردىن

② 1891-يىلدىكى نەشرىدە "بازارلار" دېگەن سۆز "يېڭى بازارلار" دەپ ئۆزگەرتىلگەن. — تەھرىردىن

بارغانسېرى ئازىيىدۇ، چۈنكى ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن ھەر قېتىملىق ۋېيجى بەزىبىر يېڭى بازارلارنى، ياكى ئىلگىرى يۈزەلا پايدىلىنىپ كېلىنگەن بازارلارنى دۇنيا سودىسىغا تارتقان ئىدى. لېكىن، كاپىتال ئەمگەكنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش بىلەنلا **ياشمايدۇ.** ئۇمۇ ئاتاقلىق، ۋەھشى قۇلدارلارغا ئوخشاش، ئۆزىنىڭ قۇللىرىنى ئوزى بىلەن بىرگە گورگە ئېلىپ كىرمەكچى بولىدۇ، يەنى ۋېيجى ۋاقتىدا كوپلىگەن ئىشچىلارنى ھالاك قىلماقچى بولىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كورۇۋېلىشقا بولىدۇكى، **ئەگەر كاپىتال تېز ئوسسە، ئىشچىلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەتمۇ مىسلىسىز دەرىجىدە تېز ئوسىدۇ، دىمەك، كاپىتال قانچە تېز ئوسسە، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋاستىلىرى، يەنى تۇرمۇش ۋاستىلىرى مۇناسىپ ھالدا شۇنچە كوپ قىسقىرىدۇ؛ شۇنداق بولسىمۇ، كاپىتالنىڭ تېز ئوسۇشى ياللانما ئەمگەك ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق شەرت-شارائىت بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.**

(داۋامى بار)

# ئىش ھەققى[8]

## [A]

تۈۋەندىكى نۇقتىلار شەرھلىنىپ بولغان:

(1) ئىش ھەققى = شائىپىنىڭ باھاسى.

دىمەك، ئىش ھەققىنىڭ بەلگىلىنىشى، ئومۇمەن، ئومۇمى باھانىڭ بەلگىلىنىشى بىلەن بىردەك بولىدۇ.

ئادەمنىڭ پائالىيىتى = شائىپىن.

تىرىكچىلىكنىڭ ئىپادىسى — تىرىكچىلىك پائالىيىتى — پەقەت ۋاستىدىنلا ئىبارەت؛ بۇنىداق پائالىيەتتىن ئايرىلغان ياشاشلا مەقسەت بولىدۇ.

(2) ئىش ھەققى، شائىپىنغا ئوخشاش رىقابەت تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، تەلەپ بىلەن تەمىنلەش تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

(3) تەمىنلەشنىڭ ئۆزى ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىگە باغلىق، يەنى شائىپىن ئىشلەپچىقىرىشقا زورۇر بولغان ئەمگەك ۋاقتىغا باغلىق.

(4) پايدا بىلەن ئىش ھەققى بىر بىرىگە تەتۈر تاناسىپ بولىدۇ. ئۇنىڭدىكى ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئىككى سىنىپنىڭ پايدا بىلەن ئىش ھەققىدىكى قارىمۇ ـ قارشىلىغىدا ئىپادىلىنىدۇ.

(5) ئىش ھەققىنى ئوستۇرۇش ياكى تۈۋەنلىتىشنى قولغا

كەلتۈرۈش كۆرىشى. ئىشچىلارنىڭ بىرلىشىشى.

(6) ئەمگەكنىڭ ئوتتۇرىچە باھاسى، ياكى نورمال باھاسى (ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققى) ئايرىم ئىشچىلار ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئىشچىلار سىنىپى ئۈچۈنلا رول ئوينايدۇ. ئىشچىلار ئىش ھەققىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بىرلىشىدۇ.

(7) باج ـ سېلىق ۋە قوغدىنىش چېگرا بېجىنى ئېلىپ تاشلاش، ھەربى قوشۇنلارنى قىسقارتىش قاتارلىقلارنىڭ ئىش ھەققىگە بولغان تەسىرى. ئوتتۇرىچە بەلگىلەنگەن ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققى = زۆرۈر بولغان تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىڭ باھاسى.

[B]

## قوشۇمچە

### I ئاتكىنسون

1. دەستىگادا ئىشلەيدىغان توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرى. (كۈنىگە 15 سائەت ئىشلەيدۇ.) (بۇنداق ئىشچىلار 500 مىڭغا يېتىدۇ.)[9]

"قول بىلەن ئىشلەيدىغان توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ نامراتلىق ھالىتى ــ مۇشۇ خىلدىكى ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بارلىق ئادەملەرنىڭ مۇقەررەر سەرگۈزەشتىسى، چۈنكى بۇنداق ئەمگەكنى ئاسان ئۆگىنىۋالغىلى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەرزەنـ رەك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىلىش خەۋپى دائىم تۇغۇلۇپ تۇرىدۇ. تەمىنلەش مىقدارى شۇ قەدەر

چوڭ بولغان ئەھۋالدا، تەلەپنىڭ ۋاقىتلىق قىسقىرىشى ۋېيجىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىر ئەمگەك تارمىقى كېرەكسىز بولۇپ قالىدۇ-دە، يەنە بىر ئەمگەك تارمىقى شۇنىڭغا ئەگىشىپ پەيدا بولىدۇ، بۇنداق ئەھۋال **ۋاقىتلىق كۆلپەتكە** سەۋەپ بولىدۇ. ھىندىستاننىڭ داككا رايونىدىكى قول بىلەن ئىشلەيدىغان توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرىنى مىسالغا ئالساق، ئەنگلىيە ماشىنىلىرىنىڭ رىقابىتى كاساپىتىدىن، ئۇلار يا ئاچارچىلىقتىن ئۆلگەن، يا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا قايتىشقا مەجبۇر بولغان." (بوۋرىڭ بوشىنىڭ 1835-يىل 7-ئايدا تۆۋەن پىيۇەندە سۆزلىگەن نۇتقىدىن.)[10]

(بىر خىل كەسپتىن يەنە بىر خىل كەسپكە كۆچۈشتەك مىسالدىن پايدىلىنىپ، تېگى-تېگىدىن يامانلاشقان ئەركىن سودا نەزەرىيىسى تەرەپدارلىرى بىلەن بولغان بەس-مۇنازىرە.)[11]

2. **نوپۇس نەزەرىيىسى** ھەققىدە يەنە بىر ئاز توختىلىپ ئۆتۈش.

3. ئىش تەقسىماتىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تېخىمۇ ئىنچىكە بولۇشىنىڭ ئىش ھەققىنىڭ بەلگىلىنىشىگە بولغان تەسىرى.

## II كارلىل

1. ئىش ھەققىنىڭ مىقتارىنى نەزەرگە ئېلىش بىلەنلا چەكلەنمەسلىك كېرەك. ئۇنىڭدا سۈپەت جەھەتتىمۇ ئۆزگىرىش بولىدۇ، بۇنى تەسەۋۋۇر قىلىنمىغان ئەھۋاللار بەلگىلەيدۇ.

2. ئىش ھەققىنىڭ ئارتۇقچىلىقى مۇنداق: پەقەت زورۇرىيەت، مەنپەئەت، تىجارەتلا ئىشچى بىلەن خوجايىننى بىر بىرىگە باغلايدۇ. ئوتتۇرا ئەسىردىكىدەك ئۇنداق زۇڭفالىق تۈزۈمىدىكى

نەرسلەر قىلچە قالمىغان.

كەمبەغەللەرگە ئىجتىمائىي ياردەم بېرىش قانۇنى، چاشقان زىياندااشلىغىنى يوقىتىش، جەمىيەتكە يۈك بولۇپ قالغان ياللاغتوشلەر[12].

3. ئەمگەكنىڭ مۇتلەق كوپ قىسمى مەلىكىلىك ئەمگەك ئەمەس.

4. مالتۇسچىلار ۋە ئىقتىساتشۇناسلارنىڭ پۈتكۈل نەزەرىيىسىنى يىغىنچاقلىغاندا مۇنداق بولىدۇ: ئىشچىلار تۇغۇتقا چەك قويسا، تەلەپنى ئازايتقىلى بولىدۇ.

## III مېكۇللوخ

”ئىشچىنىڭ تاپقان كۆنلۈك ئىش ھەققى ئادەم دەپ ئاتالغان ماشىنىنىڭ ئىگىسى ئېرىشكەن ئاددى پايدا مىقتارىغا باراۋەر، بۇ يەردە يەنە ماشىنىنىڭ ئۇپراپ كەتكەن قىسمىنى تولدۇرۇشنى، يەنى يېڭى ئىشچىلارنى كونا ئىشچىلارنىڭ ۋە ئىشلەش ئىقتىدارىنى يوقاتقان ئىشچىلارنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش ئۈچۈن زورۇر بولغان پۇلنى ئوز ئىچىگە ئالىدۇ.“[13]

## IV جون ۋادې

1. ”ئەگەردە مەقسەت ئىشچىنى شۇ خىزمەتتە ئەڭ كوپ مىقتاردا ئەمگەك قىللايدىغان ماشىنىغا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت بولسا، ئۇ ھالدا، تېخىمۇ ئۇنۇملۇك ئۇسۇل پەقەت ئىش تەقسىماتىلا بولىدۇ.“[14]

2. ئىش ھەققىنىڭ تۆۋەنلىتىلىشى ئىشچىنى يا ئوز چىقىمىنى

قىسقارتىشقا، يا ئۆزىنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىغىنى ئۆستۈرۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ، مەسىلەن، ماشىنا ئىشلىتىدىغان زاۋۇتتا (ئادەتتىكى ئەھۋالدىمۇ شۇنداق بولىدۇ)، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ ۋاقىت ئىشلىشىگە توغرا كېلىدۇ، ياكى — قول سانائەتچىلەر، قول بىلەن ئىشلەيدىغان توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرى قاتارلىقلار — ئوخشاش بىر سائەتلىك ۋاقىت ئىچىدە تېخىمۇ كۆپ نەرسە ئىشلەپچىقىرىشىغا توغرا كېلىدۇ. ھالبۇكى دەل ئۇلارنىڭ ئىش ھەققى تۆۋەنلىتىلگەنلىكى، تەلەپ ئازايتىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار پايدىسىز پەيتتە تەمىنلەش مىقدارىنى ئاشۇرىدۇ. نەتىجىدە ئىش ھەققى تېخىمۇ تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. بۇرژۇئاز بولسا ئارقىدىن ئەگىشىپ كېلىپ: "مۇشۇ كىشىلەرلا ئىشلەشنى ئۈمىت قىلسا، ياخشى بولغان بولاتتى!" دەيدۇ.

3. ئومۇمەن ئېيتقاندا، **ئىككى خىل بازار باھاسى** بولمايدۇ، دەل **تېخىمۇ تۆۋەن** بازار باھاسى (سۈپەت ئوخشاش بولغان ئەھۋالدا) ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولىدۇ، بۇ ئومۇمىي قانۇنىيەت.

مىڭ نەپەر ئوخشاش مەلىكىلىك ئىشچى بار، ئۇلارنىڭ 50 نەپىرى ئىشسىز دەپ پەرەز قىلايلى؛ بۇنداق ئەھۋالدا، باھا 950 نەپەر ئىشتىكى ئىشچى تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى 50 نەپەر ئىشسىز ئىشچى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

لېكىن، بۇنداق **بازار باھاسى** قانۇنىيىتىنىڭ ئەمگەكتىن ئىبارەت بۇ شاڭپىنغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى باشقا شاڭپىنلارغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ، چۈنكى ئىشچى ئۆزىنىڭ شاڭپىنىنى ئامباردا ساقلىيالمايدۇ، پەقەت ئۆزىنىڭ تىرىكچىلىك پائالىيىتىنى سېتىشقىلا مۇھتاج بولىدۇ.

ئۇنداق قىلمىسا، تۇرمۇش ۋاستىلىرىدىن قۇرۇق قالىدۇ-دە، ئۆلۈپ كېتىدۇ.

ئەمگەكتىن ئىبارەت بۇ سېتىلىدىغان شاڭپىننىڭ باشقا شاڭپىنلارغا ئوخشىمايدىغان يېرى خۇسۇسەن شۇ يەردىكى، ئۇ **ۋاقىتلىق خاراكتېرغا** ئىگە، ئۇنى **ساقلاپ قويغىلى بولمايدۇ**، ئۇنىڭ بىلەن **تەمىنلەشنى** باشقا شاڭپىنلارغا ئوخشاش ئاسان ئاشۇرغىلى ياكى قىسقارتقىلى بولمايدۇ.

4. كاپىتالىستنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىكى مۇمكىن قەدەر كۆپ ئەمگەكنى مۇمكىن قەدەر تۆۋەن باھا بىلەن سېتىۋېلىشتا. يېزا ئىگىلىك ئىشچىلىرىنىڭ ياز پەسلىدىكى دارامىتى قىش پەسلىدىكىدىن كۆپ بولىدۇ، گەرچە ئۇلار قىش پەسلىدە تېخىمۇ كۆپ ئوزۇقلۇق ۋە يېقىلغۇغا، تېخىمۇ ئىسسىق كىيىم-كېچەككە مۇھتاج بولسىمۇ.

5. مەسىلەن، **يەكشەنبىنى** ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئىشچىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، پۈتۈنلەي زىيان. خوجايىنلار شۇنداق يول بىلەن كۈچىنىڭ بېرىچە ئىش ھەققىنى تۆۋەنلىتىدۇكى: ئۇلار ئىش ھەققىنىڭ نامىدىكى مىقدارىنى ساقلاپ قالىدۇ، ئەمما ئىشچىلارنى ئارتۇق ئەمگەك قىلىشقا، مەسىلەن، 15 مىنۇت بولسىمۇ ئارتۇق ئەمگەك قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ، چۈشلۈك تاماق ۋاقتىنى قىسقارتىدۇ ۋە باشقىلار.

6. ئىش ھەققىنى رەسىم-ئادەتنىڭ، پەسىلنىڭ ئالمىشىشى ۋە نەرق-ناۋادىكى داۋالغۇش بەلگىلەيدۇ.[15]

7. ئەگەر ماشىنا تەرىپىدىن چەتكە قېقىپ چىقىرىلغان بىر ئىشچى باشقا ئەمگەك تارمىقىغا يۆتكەلسە، ئۇ ھالدا، ئۇ تارماق

بەرىبىر تېخىمۇ ناچار تارماق بولىدۇ. ئۇ ئىشچى ئۇزىنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىنى مەڭگۇ ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيدۇ.

ماشىنا ۋە ئىش تەقسىماتى تېخىمۇ ئەرزەن ئەمگەكنى يۇقۇرى باھالىق ئەمگەكنىڭ ئورنىغا دەسسىتىدۇ.

بەزىلەر ئىشچىلارغا مۇنداق تەكلىپ بېرىدۇ:

(1) ئامانەت بانكىسى ئېچىش؛ (2) ھەر خىل ئەمگەكنى مۇمكىن قەدەر ئۆگىنىۋېلىش (شۇنىداق بولغانىدا، بىر ئەمگەك تارمىقىدا ئىشچى كۆپچى بىلەن تەمىنلەش ئوشۇقچىلىقى يۈزبەرسە، بۇنىڭ تەسىرى دەرھال ھەممە تارماقلارغا كېڭىيىدۇ).

8. كاساتچىلىق مەزگىلىدە:

(a) ئىشنى توختىتىپ قويۇش؛ (b) ئىش ھەققىنى تۆۋەنلىتىش؛ (c) ھەر ھەپتىلىك ئىش ۋاقىتىنى قىسقارتىش، ئىش ھەققى بۇرۇنقىدەك بولىۋېرىش[16].

9. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرى ھەققىدە مۇنۇلارنى كورسىتىپ ئوتۇش كېرەك:

(1) ئىشچىنىڭ چىقىمى (خىراجىتى). بىرلىشىش نەتىجىسىدە ماشىنا كەشپىياتىنىڭ بارلىققا كېلىشى. يەنە بىر خىل ئىش تەقسىماتى. ئىش ھەققىنى تۆۋەنلىتىش. زاۋۇتنى باشقا جايغا كوچۇرۇش.

(2) ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىش ھەققىنى ناھايىتى يۇقۇرى سەۋىيىدە ساقلاپ قېلىپ، بۇنىڭ بىلەن پايدىنى باشقا ئەللەرنىڭ ئوتتۇرىچە پايدىسىدىن زور دەرىجىدە تۆۋەنلىتەلىسە، ياكى كاپىتالنى ئاستىراق ئوسىدىغان قىلالىسا، ئۇ ھالدا، بىر مەملىكەتنىڭ سانائىتى خانىۋەيران بولىدۇ، ئىشچىلار بولسا

خوجايىن بىلەن بىللە خانىۋەيران بولىدۇ، ھەتتا تېخىمۇ بەتتەر ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ.

---

گەرچە مەلۇم باج ـ سېلىقنىڭ تووەنلىتىلىشى ئىشچىنى ھېچقانداق پايدىغا ئىگە قىلالمىسىمۇ، ئەمما باج ـ سېلىقنىڭ ئۇستۇرۇلۇشى ئىشچىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدۇ. بۇرژۇئا ـ زىيە تەرەققى قىلغان دولەتلەردە باج ـ سېلىقنىڭ ئۇستۇرۇلۇشىنىڭ پايدىلىق تەرىپى شۇكى، ئۇششاق دېخانلار ۋە ئۇششاق خۇسۇسى مۇلۇكدارلار (قول سانائەتچى قاتارلىقلار) شۇ سەۋەپتىن ئارقا ـ ئارقىدىن خانىۋەيران بولىدۇ ھەمدە ئىشچىلار سىنىپى قوشۇنىغا قېتىلىدۇ.

---

ئىرلاندىيىلىكلەرنىڭ ئەنگلىيىدە، نېمىسلارنىڭ ئالزاستا ئىش ھەققىغە كورسىتىدىغان تەسىرى.

## V باباگې

## نەرسە بىلەن تولىنىدىغان ئىش ھەققى تۈزۈمى[17].

## VI ئاندرۇ ئۇري[18]

ھازىرقى زامان سانائىتىنىڭ ئومۇميۇزلۇك پىرىنسىپى: قۇرامىغا يەتكەن ئىشچىلارنىڭ ئورنىغا بالا ئىشچىلارنى، مەلىكىلىك ئىشچىـ لارنىڭ ئورنىغا مەلىكىلىك بولمىغان ئىشچىلارنى، ئەر ئىشچىلارنىڭ ئورنىغا ئايال ئىشچىلارنى دەسسىتىش.

---

ئىش ھەققىنى تەكشىلەش. ھازىرقى زامان سانائىتىنىڭ موھىم ئالامىتى.

## VII روسسى[19]

روسسى ئەپەندى مۇنداق دەپ قارايدۇ:

زاۋۇت ئىگىسىنىڭ ئىشچىغا ئاۋانىس بېرىدىغىنى پەقەت شۇ ئىشچى ئىشلىشقا تېگىشلىك بولغان بىر قىسىم مەھسۇلاتتىنلا ئىبارەت، چۈنكى ئىشچى مەھسۇلاتنىڭ سېتىلىشىنى كۈتۈپ تۇرالمايدۇ. بۇ بىر خىل ھايانكەشلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشلەپچى-قىرىش جەريانى بىلەن ھېچقانداق بىۋاستە ئالاقىسى يوق. ئەگەر ئىشچى ئۆزىنى مەھسۇلات سېتىلغانغىچە باقالىسا ئىدى، ئۇ ھالدا، ئۇمۇ پايچىك سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك ھەسسىسىگە ئىگە بولغان بولاتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىش ھەققى كاپىتال بىلەن يەرگە ئوخشىمايدۇ، ئۇ مەھسۇلاتنىڭ تەركىبىي قىسمى ئەمەس. ئۇ پەقەت ئىجتىمائى ھالىتىمىزنىڭ بىر خىل تاسادىپىي بەلگىسى ۋە بىر خىل شەكلى. ئىش ھەققى كاپىتالنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ.

ئىش ھەققى ئىشلەپچىقىرىشقا مۇتلەق زۆرۈر بولغان ئامىل ئەمەس. يەنە بىر خىل ئەمگەك تەشكىلاتى شارائىتىدا، ئۇ يوقىلىپ كېتىشى مۇمكىن.

## [VIII] چېربۇلىز

1. "ئۇنۇملۇك كاپىتالنىڭ كۆپىيىشىنىڭ ئىشچىنىڭ تۇرمۇش خىراجىتىگە سەرپ قىلىنىدىغان ئۈلۈشىنىڭ كۆپىيىشىگە سەۋەپ

بولۇشى ناتايىن. خام ئەشيانىڭ مىقدارى ۋە ماشىنىنىڭ سانى ئۆزلۈكسىز كۆپىيىپ تۇرۇشى مۇمكىن، ئىشچىنىڭ تۇرمۇش خىراجىتىگە سەرپ قىلىنىدىغان ئۆلۈش بولسا كۈندىن-كۈنگە ئازىيىپ بېرىشى مۇمكىن.

ئەمگەكنىڭ باھاسى مۇنۇلارغا باغلىق: (a) ئۇنۇملۇك كاپىتالنىڭ مۇتلەق مىقدارى؛ (b) كاپىتالنىڭ تۈرلۈك تەركىپلىرى ئوتتۇرىسىدىكى نىسبەت مۇناسىۋىتى. بۇ — ئىشچىنىڭ ئىرادىسى ھېچقانداق تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغان ئىككى ئىجتىمائى پاكىت.

2. ئىشچىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ بەختلىك ياكى بەختسىز بولۇشىنى ئۇنىڭ **مۇتلەق** ئىستېمال مىقدارى بەلگىلەيدۇ دېگەندىن كۆرە، **نىسبىي** ئىستېمال مىقدارى بەلگىلەيدۇ دېگەن تۈزۈك. زورۇر بولغان ئىستېمال دائىرىسىنىڭ سىرتىدا، بىز بەھرىمەن بولىدىغان **قىممەت، ماھىيەتتە، نىسبىي بولىدۇ.**"[20]

---

ئىش ھەققىنىڭ تۆۋەنلىشى ياكى ئۆسۈشى ھەققىدە توختالغاندا، پۈتكۈل دۇنيا بازىرى ۋە ھەرقايسى ئەللەر ئىشچىلىرىنىڭ ئەھۋالىغىمۇ مەڭگۈ سەل قارىماسلىق كېرەك.

---

ئادىل ئىش ھەققىنى تۈزۈپ چىقىش يولىدىكى تەڭ تەقسىماتچىلىق جەھەتتىكى ۋە باشقا جەھەتلەردىكى سىناقلار.

---

ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققىنىڭ ئۆزىمۇ ئۆزگەرمەكتە ھەمدە بارغانسېرى تۆۋەنلىمەكتە. ھاراق چېقىرىش بۇنىڭ مىسالى.

## [IX] براي

### ئامانەت بانكىسى[21]

مۇستەبىت تۈزۈمنىڭ ۋە كاپىتالىنىڭ ئىلكىدىكى 3 خىل مەنىگە ئىگە بىر قورال.

1. پۇل دولەت بانكىسىغا قايتىپ كېلىدۇ، بانكا ئۇنى يەنە كاپىتالىستقا قەرز بېرىپ، ئۇنىڭدىن پايدا ئالىدۇ.

2. هوكۇمەت ئىشچىلار سىنپى ئىچىدىكى ناهايىتى زور بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ بوينىغا سالغان بىر ئالتۇن زەنجىر.

3. بۇنىڭدىن باشقا، مۇشۇ يول بىلەن كاپىتالىستىنىڭ ئۆزىمۇ بىر خىل يېڭى قورالنى ئىگەللەيدۇ.

---

ئىش هەققى تۆۋەنلەپ كەتسىلا، ئۇنىڭ قايتا ئۆسۈپ بۇرۇنقى سەۋىيىگە يېتىشى مەڭگۇ مۇمكىن ئەمەس. مۇتلەق ئىش هەققى ۋە نىسبى ئىش هەققى.

## [C]

### I ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئۆسۈشى ئىش هەققىگە قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟

(VI، 3. گە قارالسۇن)①

ماشىنا؛ ئىش تەقسىماتى.

---

① مۇشۇ كىتاپنىڭ 110 ــ 121 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن. ــ تەرجىماندىن

ئەمگەك كۆندىن ـ كۆنگە ئاددىلىشىدۇ. ئەمگەكىنىڭ ئىشلەپچى. قىرىش خىراجىتى كۆندىن ـ كۆنگە ئازىيىدۇ. ئەمگەك كۆنىدىن ـ كۆنگە ئەرزەنىلىشىدۇ. ئىشچىلار ئارىسىدىكى رىقابەت كۆنىدىن ـ كۆنگە كەسكىنلىشىدۇ.

بىر تارماقتىن يەنە بىر تارماققا يۆتكىلىش. بۇ ھەقتە بوۋرىڭ بوشىنىڭ ئۆزى 1835 ـ يىلى يىخۆيدا ھىندىستانىنىڭ داككا رايو. نىدىكى قول بىلەن ئىشلەيدىغان توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرى ئۈستىدە توختالغان ئىدى.

ئىشچىلار چەتكە قېقىلغاندىن كېيىن شۇغۇللانغان يېڭى ئەمگەك بۆرۈنقىسىدىن تېخىمۇ ناچار بولىدۇ؛ تېخىمۇ بېقىندىلىق خاراكتې. رىنى ئالغان بولىدۇ. قۇرامىغا يەتكەن ئىشچى ئەمگىگىنىڭ ئورنىنى بالا ئىشچىنىڭ ئەمگىگى ئالىدۇ، ئەر ئىشچى ئەمگىگىنىڭ ئورنىنى ئايال ئىشچىنىڭ ئەمگىگى ئالىدۇ، بىر قەدەر مەلىكىلىك ئىشچى ئەمگىگىنىڭ ئورنىنى ئانچە مەلىكىلىك بولمىغان ئىشچىنىڭ ئەمگىگى ئالىدۇ.

يا ئەمگەك ۋاقتى ئاشىدۇ، يا ئىش ھەققى تۆۋەنلەيدۇ.

ئىشچىلار ئارىسىدىكى رىقابەت بىر كىشىنىڭ ئۆزىنى باشقا بىر كىشىگە قارىغاندا ئەرزەنرەك سېتىشىدىلا ئەمەس، بەلكى بىر كىشىنىڭ ئىككى كىشىنىڭ ئىشىنى قىلىشىدىمۇ كۆرۈلىدۇ.

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئۆسۈش ئاقىۋىتى ئومۇمەن مۇنداق بولىدۇ:

(a) ئىشچىنىڭ ئەھۋالى، كاپىتالىستىنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، نىسبى ھالدا ناچارلىشىدۇ، بەھرىمەن بولۇش قىممىتىمۇ نىسبى بولىدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، بەھرىمەن بولۇشنىڭ ئۆزى باشقا

نەرسە ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي بەھرىمەن بولۇش، مۇناسىۋەت، سىيلىشتۇرما.

(b) ئىشچى بارغانسېرى بىر تەرەپلىمە بولۇپ كېتىۋاتقان ئىشلەپچىقىرىش كۆچىگە ئايلىنىدۇ، ئۇ مۇمكىن قەدەر ئاز ۋاقىت ئىچىدە مۇمكىن قەدەر كوپ نەرسە ئىشلەپچىقىرىشى كېرەك. مەلىكىلىك ئەمگەك بارغانسېرى ئاددىي ئەمگەككە ئايلىنىدۇ؛

(c) ئىش ھەققى بارغانسېرى دۇنيا بازىرىغا باغلىق بولۇپ قالىدۇ، ئىشچىنىڭ ئەھۋالىمۇ بارغانسېرى تۇراقسىزلىشىپ بارىدۇ؛

(d) ئۇنۇملۇك كاپىتال ئىچىدە ماشىنا ۋە خام ئەشياغا سەرپ قىلىنىدىغان ئۇلۇشنىڭ ئوسۇشى ئىشچىنىڭ تۇرمۇش خىراجىتىگە سەرپ قىلىنىدىغان ئۇلۇشنىڭ ئوسۇشىدىن كوپ دەرىجىدە تېز بولىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن، ئۇنۇملۇك كاپىتالنىڭ ئوسۇشى ئەمگەك ئېھتىياجىنىڭمۇ ئۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئوسۇشىگە سەۋەپ بولمايدۇ.

ئىش ھەققى مۇنۇلارغا باغلىق بولىدۇ:

(α) ئۇنۇملۇك كاپىتالنىڭ ئومۇمىي مىقتارى؛

(β) ئۇنۇملۇك كاپىتالنىڭ ھەرقايسى تەركىۋىي قىسىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى نىسبەت مۇناسىۋىتى.

ئىشچى ئالدىنقىسىغىمۇ، كېيىنكىسىگىمۇ ھېچقانداق تەسىر كورسەتمەيدۇ.

(ئەگەر ئىش ھەققىدە داۋالغۇش بولمىسا، ئىشچى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىدىن ھېچقانداق پايدا كورمەيدۇ، ئۇنىڭ ئەھۋالى ئوزگەرمەي تۇرىۋېرىدۇ.)

ئىشچى بىلەن ماشىنىنىڭ رىقابىتى ھەققىدە شۇنى كورسىتىپ ئوتۇش كېرەككى، قول بىلەن ئىشلەيدىغان ئىشچى (مەسىلەن

قول بىلەن ماتا توقۇيدىغان ئىشچى)نىڭ تارتقان جاپاسى بىۋاستە
هالدا زاۋۇتتا ئىشلەيدىغان، ماشىنا ئىشلىتىدىغان ئىشچىنىڭكىدىن
تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ.

يېڭى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىدە بولغان ھەرقانداق تەرەققى-
يات، ئەينى زاماندا، ئىشچىلارغا قارشى تۇرىدىغان قورالغا
ئايلىنىپ قالىدۇ. مەسىلەن، قاتناش قوراللىرىدا بولغان ھەممە
ياخشىلىنىشلار تۈرلۈك جايلاردىكى ئىشچىلارنىڭ رىقابىتىنى
كۈچەيتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن يەرلىك خاراكتېردىكى رىقابەت
مەملىكەت خاراكتېرىدىكى رىقابەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ ۋە باشقىلار.

ھەممە شاكىپىنلارنىڭ باھاسى تۆۋەنلەيدۇ، بىراق ئەڭ
ئېھتىياجلىق بولغان تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىڭ باھاسى بولسا
تۆۋەنلىمەيدۇ، ئۇنىڭ نەتىجىسى مۇنداق بولىدۇ: ئىشچى يىرتىق
كىيىم كىيىدۇ، ئۇنىڭ نامراتلىقى مەدىنى تۈس ئالىدۇ.

## II ئىشچى بىلەن كارخانا ئىگىسى ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت

(a)نىسبى ئىش ھەققىنى بەلگىلەش ئۈچۈن، شۇنى كورسىتىپ
ئوتۇش كېرەككى، بىر تالېرنىڭ ئىشچىغا نىسبەتەن قىممىتى بىلەن
بىر تالېرنىڭ كارخانا ئىگىسىگە نىسبەتەن قىممىتى ئوخشاش
بولمايدۇ. ئىشچى ئەڭ قىممەت باھادا ئەڭ ناچار نەرسىنى
سېتىۋېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇنىڭ بىر تالېرغا سېتىۋالىدىغان
شاكىپىنى كارخانا ئىگىسىنىڭ بىر تالېرغا سېتىۋالىدىغان شاكىپىنىدەك
كوپ ۋە ياخشى بولمايدۇ. ئىشچى **ئىسراپخور** بولۇشقا، بارلىق
ئىقتىسادىي پىرىنسىپلارغا خىلاپلىق قىلىپ ئېلىش - سېتىشقا
مەجبۇر بولىدۇ. بۇ يەردە ئومۇمەن شۇنى كورسىتىپ ئوتۇشىمىز

كېرەككى، بىزنىڭ كوزدە تۇتقىنىمىز پەقەت بىرلا تەرەپ، يەنى ئىش ھەققىنىڭ ئۆزى. ئەمما، ئىشچى ئۆزىنىڭ ئەمگەك باھاسىغا باشقا شاگىپىنلارنى ئالماشتۇرۇشقا باشلىسىلا، ئۇنىڭ ئۇستىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيىمۇ يېڭىۋاشتىن باشلىنىدۇ.

ئۇششاق دۇكاندار، گوروخانا خوجايىنى، ئوي ئىگىسى — بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىشچىنى يەنە بىر قېتىملاپ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدۇ.

($\beta$) كارخانا ئىگىسى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋاستىسىنى ئىگەللەپ تۇرغان بولىدۇ، يەنى ئىشچىنىڭ تۇرمۇش ۋاستىسىنى ئىگەللەپ تۇرغان بولىدۇ، دىمەك، ئىشچىنىڭ تۇرمۇشى كارخانا ئىگىسىگە بېقىنىدۇ؛ گويا ئىشچى ھەتتا ئۆزىنىڭ تىرىكچىلىك پائالىيىتىنىمۇ نوقۇل ھايات كەچۈرۈش ۋاستىسى دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويغان بولىدۇ.

($\gamma$) ئەمگەكتىن ئىبارەت شاگىپىننى باشقا شاگىپىنلارغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭدا ناھايىتى چوڭ كەمچىلىك بار. كاپىتالىست ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئىشچى بىلەن رىقابەتلىشىش پەقەت پايدا مەسىلىسىلا بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، ئىشچى ئۇچۇن ئېيتقاندا بولسا ياشاش مەسىلىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

ئەمگەكتىن ئىبارەت شاگىپىن باشقا شاگىپىنلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ۋاقىتلىق خاراكتىرغا ئىگە، ئۇنى ساقلاپ قويغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن تەڭلەشنى باشقا شاگىپىنلارغا ئوخشاش ئاسان ئاشۇرغىلى ياكى قىسقارتقىلى بولمايدۇ.

($\delta$) زاۋۇت باشقۇرۇش تۈزۈمى. تۇرار جاي قانۇنى. نەرسە بىلەن تولىنىدىغان ئىش ھەققى تۈزۈمى، بۇنداق تۈزۈمدە،

كارخانا ئىگىسى ئىشچىنى نامدىكى ئىش ھەقـقىنى ئۆزگەرتـمەي تۇرۇپ شاگـپىـنـنىڭ باھاسـىنى ئۆسـتۈرۈش چارىـسى بىلەن ئالدايـدۇ.

## III ئىشچىلارنىڭ ئۆزئارا رىقابىتى

(a) ئومۇمى ئىقـتىسادىي قانۇنىيەتـكە ئاساسلانغاندا، **ئىككى خىل بازار باھاسىنىڭ** بولۇشى مۇمـكىـن ئەمەس. مىڭ نەپـەر مەلىكىلىك ئىشچى ئىچىدە، ئىش ھەقـقىنى 950 نەپەر ئىشتىـكى ئىشچى ئەمەس، بەلكى 50 نەپەر ئىشـسىز ئىشچى بەلـگىلەيـدۇ. **ئىرلاندىيلىكلەرنىڭ ئەنگلىيە ئىشچىلىرىنىڭ** ئەھۋالىغا ۋە نېمىسـلارنىڭ ئالىزاس ئىشچىلىرىنىڭ ئەھۋالىغا كورسىتىدىغان تەسىرى.

(b) ئىشچىلارنىڭ ئۆزئارا رىقابىتى بىر كىشىنىڭ ئۆز ئەمگىگىنى باشقىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ئەرزەن ئىش ھەقـقى بىلەن تەقـدىم قىلىشنى خالايدىغانلىقىدىلا ئىپادىلـىنىپ قالماستىن، بەلكى بىر كىشى ئىككى كىشـىنىڭ ئىشـىنى قىلىشـنى خالايـدىغانلىقىدىمۇ ئىپادىلىنىـدۇ.

تۇرمۇش قۇرمىغان ئىشچىنىڭ تۇرمۇش قۇرغان ئىشچىغا نىسبەتەن ئەۋزەللىكى ۋە باشـقىلار.

يېزا ئىشچىـلىرى بىلەن شەھەر ئىشچىـلىرى ئوتتۇرىسـىدىكى رىقابەت.

## IV ئىش ھەققىدىكى داۋالـغۇش

ئىش ھەققىدە داۋالغۇش پەيدا بولۇشتىكى سەۋەپـلەر:

1. رەسىم ـ ئادەتنىڭ ئۆزگىرىشى.

2. پەسىلنىڭ ئالمىشىشى.

3. نەرق ـ ناۋادىكى داۋالغۇش.

ۋېبىجى يۈزبەرگەن چاغدا،

(α) ئىشچىلار، مۇقەررەر هالدا، ئۆزىنىڭ چىقىمىنى چەكلەيدۇ، ياكى ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرىدۇ، يەنى تېخىمۇ كۆپ ۋاقىت ئىشلەيدۇ، ياكى ئوخشاش بىر سائەت ئىچىدە تېخىمۇ كۆپ مەهسۇلات ئىشلەپچىقىرىدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئىش هەققى تۆۋەنلىگەن ئىكەن، ئۇلار ئىشلەپ چىققان مەهسۇلاتقا بولغان ئېهتىياج قىسقارغانلىقتىن، ئۇلار تەمىنلەشنىڭ تەلەپكە بولغان مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ پايدىسىز قىلىپ قويىدۇ، بۇ چاغدا بۇرژۇئاز: مۇشۇ ئادەملەر ئىشلەشنى خالىسىلا بولدى! دەيدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ئىشچىلار هەددىدىن ئارتۇق رىيازەت چەككەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ ئىش هەققى تېخىمۇ تۆۋەنلەيدۇ.

(β) ۋېبىجى مەزگىلىدە:

تولۇق ئىشسىزلىق يۈزبېرىدۇ. ئىش هەققى تۆۋەنلەيدۇ. ئىش هەققى بۇرۇنقىدەك بولىۋېرىدۇ[22] ۋە ئىش كۈنىنىڭ سانى ئازىيىدۇ.

(γ) بىرنەچچە قېتىملىق ۋېبىجى داۋامىدا، ئىشچىلارغا نىسبەتەن تۆۋەندىكىدەك ئايلانما هەركەت بولىدۇ:

كارخانا ئىگىسى ئۆزىنىڭ مەهسۇلاتىنى ساتالمىغاچقا، ئىشچىغا ئىش بېرەلمەي قالىدۇ. ئۇ خېرىدار تاپالمىغاچقا، ئۆزىنىڭ مەهسۇلاتىنى ساتالمايدۇ. ئىشچىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەمگىكىدىن باشقا ئالماشتۇرغىدەك هېچنەرسىسى بولمىغاچقا، كارخانا ئىگىسى خېرىدار تاپالمايدۇ، دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىشچى ئۆزىنىڭ

ئەمگەكنى ئالماشتۇرالمايدۇ.

(5) ئىش ھەققىنى ئۇستۇرۇشكە كەلسەك، شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ھەرقانداق ۋاقىتتا دۇنيا بازىرىنى دىققەت-ئېتىۋارغا ئېلىش لازىم، باشقا مەملىكەتلەرنىڭ ئىشچىلىرى ئىشسىز قالسا، ئىش ھەققىنى ئۇستۇرۇش كۆپۈككە ئايلىنىپ قالىدۇ.

## 7 ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققى

1. ئىشچى ئېرىشكەن كۈنلۈك ئىش ھەققى — ئۇنىڭ ماشىنىسى، يەنى ئۇنىڭ تېنى بۇ مۈلۈكدارغا بېرىدىغان پايدا. بۇ مەزكۇر ماشىنىنىڭ ئۇپراپ كەتكەن قىسمىنى تولۇقلاش، ياكى يەنە بىر تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئىشلەش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولغان كونا ئىشچىنىڭ ئورنىغا يېڭى ئىشچىنى دەسسىتىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان پۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2. ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققىدىن كېلىپ چىققىدىغان نەتىجە: مەسىلەن، يەكشەنبىنى ئېلىپ تاشلاش، ئىشچى ئۈچۈن ئېيتقاندا، پۈتۈنلەي زىيان. ئۇ تېخىمۇ ناچار شارائىتتا ئىش ھەققى تېپىشى لازىم. بۇ — يەكشەنبىلىك دەم ئېلىش كۈنىنى ئېلىپ تاشلاشنى ھىمايە قىلىدىغان سەممى خەيرى-ئېھسانچىلارنىڭ مەقسىدى.

3. گەرچە ئوتتۇرىچە ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققىنى زۆرۈر بولغان تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىڭ ئۆز باھاسى بەلگىلىسىمۇ، لېكىن يەنە تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەك:

بىرىنچى، ئوخشاش بولمىغان مەملىكەتلەرنىڭ ئەڭ تۆۋەن نورمىسى بىر بىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، مەسىلەن، ئىرلاندىيىنىڭ ياڭيۇسى[23].

**ئىككىنچى**، يالغۇز بۇلا ئەمەس. ئەڭ تۆۋەن نورمىنىڭ ئۆزىگە خاس تارىخىي ھەرىكىتى بار، ئۇ بارغانسېرى مۇتلەق ئەڭ تۆۋەن سەۋىيىگە چۈشىدۇ. ھاراق چىقىرىش بۇنىڭ مىسالى. ئەڭ دەسلەپتە ھاراق ئۈزۈم تىلىپىدىن چىقىرىلاتتى، كېيىنكى چاغلاردا ئاشلىقتىن، ئۇنىڭدىن كېيىن ياڭيۇ ئىسپىرتىدىن چىقىرىلىدىغان بولىدى.

ئەڭ تۆۋەن نورمىنىڭ ھەقىقەتەن ئەڭ تۆۋەن سەۋىيىگە يېتىشىگە پەقەت

1. ماشىنا بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇميۈزلۈك راۋاجلىنىشى، ئىش تەقسىماتى، ئىشچىلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەتنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچىيىشى ھەمدە ئۇنىڭ رايون چەكلىمىسىدىن خالى بولغانلىقىلا سەۋەبچى بولۇش بىلەن قالمايدۇ، بەلكى

2. باج-سېلىقنىڭ كوپىيىشى ۋە دولەت يۈيسۈەنى چىقىمىنىڭ كوپىيىشىمۇ سەۋەبچى بولىدۇ، چۈنكى، ئېيتىپ ئوتكەن ئىدۇقكى، مەلۇم باج-سېلىقنىڭ ئېلىپ تاشلىنىشى ئىشچىنى ھېچقانداق پايدىغا ئىگە قىلمايدۇ، ئەمما ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققى ئىنتايىن چەكلىك سانغا چۈشكىچە، ھەرقانداق يېڭى باجنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئىشچىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدۇ. ھالبۇكى بۇنداق ئەھۋال بارلىق گۈڭمىنلار مۇناسىۋىتىدە قالايمىقانچىلىق ۋە قىيىنچىلىق پەيدا بولغان ئەھۋالدىمۇ يۈزبېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شۇنىمۇ كورسىتىپ ئوتۇش كېرەككى، باج-سېلىقنىڭ ئېشىشى ئۇششاق دېخانلار، ئۇششاق بۇرژۇئازلار ۋە قول سانائەتچىلەرنىڭ خانىۋەيران بولۇشىنى تېزلىتىدۇ.

مىسال — ئازاتلىق ئۇرۇشىتىن[24] كېيىنكى مەزگىل. تېخىمۇ

ئەرزەن باھالىق مەھسۇلاتلار ۋە سەپلىمە بۇيۇملار ئىشلەپچىقىرىدىغان سانائەتنىڭ تەرەققىياتى.

3. بۇنداق ئەڭ تۆۋەن نورما ھەرقايسى مەملىكەتلەرنى تەكشىلىككە يۈزلەندۈرىدۇ.

4. ئىش ھەققى تۆۋەنلەپ كەتسىلا، كېيىن ھەرقانچە ئۆستۈرۈلگەن بىلەنمۇ، بۇرۇنقى سەۋىيىسىگە يېتىشى مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس.

قىسقىسى، تەرەققىيات جەريانىدا، ئىش ھەققى قوشلاپ تۆۋەنلەيدۇ:

**بىرىنچى**، نىسبىي ھالدا تۆۋەنلەيدۇ، ئومۇمىي بايلىقنىڭ تەرەققىياتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا.

**ئىككىنچى**، مۇتلەق ھالدا تۆۋەنلەيدۇ، چۈنكى ئىشچى ئالماشتۇرۇپ ئالغان شاڭپىن مىقتارى بارغانسېرى ئازىيىپ بارىدۇ.

5. يىرىك سانائەتنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا، ۋاقىت بارغانسېرى شاڭپىن قىممىتىنىڭ ئۆلچىمى بولۇپ قالىدۇ، شۇ سەۋەپتىن ئىش ھەققىنىڭمۇ ئۆلچىمى بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئەمگەكتىن ئىبارەت شاڭپىننىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى بارغانسېرى ئەرزەنلىشىدۇ، سەرپ قىلىنىدىغان ئەمگەك ۋاقتىمۇ بارغانسېرى ئازىيىپ بارىدۇ.

دېخانلارنىڭ قوشۇمچە كىرىم قىلىشىغا ئىمكانىيەت بېرىدىغان بوش ۋاقتىمۇ بار. لېكىن، يىرىك سانائەت (ئىشخانا قول سانائىتى ئەمەس) بۇنداق زوڭغالىق تۇرمۇش ھالىتىنى يوقىتىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشى، يەنى ھاياتىنىڭ ھەر مىنۇتى بارغانسېرى سودا قىلىنىدىغان دۇيشياڭ بولۇپ قالىدۇ.

(ئەمدى يەنە توۋەندىكى بولۇملەر بار:
1. ئىشچىلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاش توغرىسىدىكى تەكلىپ.
مالتۇس، روسسى قاتارلىقلار. پرۇدۇن، ۋېيتلىڭ.
2. ئىشچىلارنىڭ بىرلىشىشى.
3. ياللانما ئەمگەكنىڭ ئىجابى ئەھمىيىتى.)

## VI تۇرمۇش ئەھۋالىنى ياخشىلاش تەكاپۇى

1. ئەڭ خۇشتارلىق بىلەن قويۇلغان تەكلىپنىڭ بىرى — **ئامانەت بانكىسى** تۈزۈمى.

بىز ھەرگىز ئىشچىلار سىنىپىدىكى مۇتلەق كوپچىلىك كىشىلەرنىڭ ئامانەت قويۇش ئىمكانىيىتى يوقلۇغى ئۈستىدە توختىلىشىنىڭ زورۇرىيىتى بار دەپ قارىمايمىز.

مەقسەت — كەم دىگەندە ئامانەت بانكىسىنىڭ ھەقىقى ئىقتىسادى ئەھمىيىتى — كىشىلەر ئېيتقاندەك، مۇنۇلاردا بولۇشى كېرەك: ئىشچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئىراقنى كورەرلىگى ۋە ئاقىللىغىغا ئاساسەن ئەمگەككە پايدىلىق ۋاقىت بىلەن ئەمگەككە پايدىسىز ۋاقىتنى تەڭشەيدۇ، يەنى سانائەتتىكى ئۆزگىرىشىنىڭ دەۋرلىك ئايلىنىشى داۋامىدا ئۆز ئىش ھەققىنى شۇ تەرىقىدە باشقۇرىدۇكى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ چىقىمى، ئەمىلىيەتتە، مەڭگۇ ئەڭ توۋەن ئىش ھەققىدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ، تۇرمۇشىغا ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان چىقىمدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ.

لېكىن، بىز شۇنى كورىمىزكى، ئىش ھەققىدىكى داۋالغۇش دەل ئىشچىلارنى ئىنقىلاۋىيلاشتۇرۇش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئىش ھەققىنى ئەڭ توۋەن نورما بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭدا ۋاقىتلىق

ئۆسۈش بولمىسا، ئىشچى ئۆزىنى تامامەن پۈتۈن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى، ئىجتىمائى بايلىقنىڭ ئاۋۇشى ۋە مەدەنىيەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ سىرتىغا قويىدۇ، شۇ سەۋەپتىن، ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئازاتلىققا ئېرىشىش ئىمكانىيىتى بولمايدۇ.

بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئىشچى ئۆزىنى، مۇقەررەر رەۋىشتە، بۇرژۇئازىيىنىڭ ھېساپ ماشىنىسىغا ئايلاندۇرىدۇ، بېخىللىقنى ئادەتتىكى قائىدىگە ئايلاندۇرىدۇ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە يوقسۇللۇق تۇرمۇش ئۆزگەرمەستىن دائىم بىر قېلىپتا تۇرۇش خاراكتېرىغا ئىگە بولىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، ئامانەت بانكىسى تۈزۈمى مۇستەبىتلىك تۈزۈمىنىڭ 3 خىل مەنىگە ئىگە قورالى:

(α) ئامانەت بانكىسى ھوكۇمەت ئىشچىلار سىنىپى ئىچىدىكى ناھايىتى زور كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ بويىنىغا سالغان بىر تال ئالتۇن زەنجىر. شۇڭا، بۇ ئىشچىلار مەۋجۇت تۈزۈمنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ياخشىلىغىنى ھېس قىلىش بىلەنلا قالمايدۇ. ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىككى قىسمى — ئامانەت بانكىسىغا قاتناشقان قىسمى بىلەن ئۇنىڭغا قاتناشمىغان قىسمى ئوتتۇرىسىدا بۆلۈنۈش پەيدا بولۇش بىلەنلا قالمايدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىشچىلارنىڭ ئۆزى ئۇلارنى قۇل قىلىدىغان مەۋجۇت ئىجتىمائى تەشكىلاتنى ساقلاپ قالىدىغان قورالنى ئۆز دۈشمەنلىرىنىڭ قولىغا بېرىدۇ.

(β) پۇل دولەت بانكىسىغا قايتىپ كېلىدۇ، ئاندىن يەنە دولەت بانكىسى ئۇنى كاپىتالىستلارغا قەرز بېرىدۇ، بانكا بىلەن كاپىتالىست پايدىنى تەقسىم قىلىشىۋالىدۇ، شۇڭا، خەلق پۇلنى ئىنتايىن ئاز ئۆسۈم بىلەن ئۇلارغا قەرز بەرگەچكە (پەقەت مۇشۇنداق مەركەز-

لەشتۇرۇش ئارقىسىدىلا، بۇ پۇللار سانائەت تەرەققىياتىنىڭ كۈچلۈك پىشاڭىغا ئايلىنىدۇ)، ئۇلارنىڭ كاپىتالى كوپىيىدۇ، ئۇلارنىڭ خەلققە بىۋاستە ھوكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقى كېڭىيىدۇ.

2. بۇرژۇئازىيە خۇشتارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويىدىغان يەنە بىر تەكلىپ — **تەربىيە**، بولۇپمۇ ئومۇمىيۈزلۈك **ئىشلەپچىقىرىش تەربىيىسى**.

(*a*) بىز مۇنداق بىر تېتىقسىز زىددىيەتنى، يەنى ھازىرقى زامان سانائىتىنىڭ بارغانسېرى ھېچقانداق تەربىيىگە ئىگە بولماي تۇرۇپمۇ قىلالايدىغان ئاددى ئەمگەككە مۇرەككەپ ئەمگەكنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشىنى كورسىتىپ ئوتمەكچى ئەمەسمىز؛ بىز شۇنىمۇ كورسىتىپ ئوتمەكچى ئەمەسمىزكى، ھازىرقى زامان سانائىتى 7 ياشتىن يۇقۇرى باللارنى كۇندىن ـ كۇنگە ماشىنا ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر قىلىپ، ئۇلارنى بۇرژۇئازىيىنىڭ دارامەت مەنبەسىگە ئايلاندۇرۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، يەنى پۇرولېتارنىڭمۇ دارامەت مەنبەسىگە ئايلاندۇرىدۇ؛ زاۋۇت باشقۇرۇش تۈزۈمى مەكتەپ تەربىيىسى ئۇسۇلىنى ئىناۋەتسىز قىلىدۇ، پرۇسسىيە بۇنىڭ بىر مىسالى؛ شۇنداقلا، شۇنىمۇ كورسىتىپ ئوتمەكچى ئەمەسمىزكى، ئىشچى ئەقلىي تەربىيىگە ئىگە بولغان تەقدىردىمۇ، بۇنداق تەربىيە ئۇنىڭ ئىش ھەققىغە قىلچىمۇ بىۋاستە تەسىر كورسەتمەيدۇ؛ تەربىيە، ئومۇمەن ئالغاندا، تۇرمۇش شارائىتىغا باغلىق، بۇرژۇئازىنىڭ قارىشىچە ئەخلاقىي تەربىيە بۇرژۇئازىيىنىڭ پىرىنسىپىنى سىڭدۇرۇشتىن ئىبارەت، ئۇنىڭ ئۇستىگە، بۇرژۇئازىيىنىڭ خەلقنى ھەقىقى تەربىيىگە ئىگە قىلىدىغان خىراجىتى يوق، بۇنداق خىراجەت بولغان

تەقدىردىمۇ، ئۇ ئۇنى سەرپ قىلىشنىمۇ خالىمايدۇ.

بىز پەقەت بىر نوقۇل ئىقتىسادىي نۇقتىنەزەرنىلا ئالاھىدە ئېتىۋار بىلەن كورسىتىپ ئوتىمىز.

(β) خەيرى - ئېھسانچى ئىقتىساتشۇناسلار تەشەببۇس قىلغان تەربىيىنىڭ ھەقىقى مەقسىدى مۇنداق: كۇنلەرنىڭ بىرىدە ئىشچىنىڭ زاۋۇتنىڭ يېڭى ماشىنا ئىشلەتكەنلىكى، ياكى ئىش تەقسىماتىدا ئوزگىرىش بولغانلىقى سەۋەبىدىن بىر تارماقتىن چىقىرىۋېتىلگەن چاغدا، يەنە بىر تارماققا مۇمكىن قەدەر ئوڭايراق ياللىنىشقا ئاسان بولسۇن ئۇچۇن، ئۇنى مۇمكىن قەدەر كوپرەك ئەمگەك تارماقلىرىنى پىششىق بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش.

بۇ مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلايلى.

بۇنداق قىلىشنىڭ ئاقىۋىتى مۇنداق بولىدۇ: ئەگەر بىرەر ئەمگەك تارمىقىنىڭ ئىشچىلىرى ئوشۇق بولۇپ قالسا، ئۇ ھالدا، باشقا ھەممە ئەمگەك تارماقلىرىنىڭ ئىشچىلىرىمۇ دەرھال ئوشۇق بولۇپ قالىدۇ ھەمدە بىرەر ئىشلەپچىقىرىش تارمىقىدا ئىش ھەققى توۋەنلىسە، بۇ ھال ئىش ھەققىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك توۋەنلەپ كېتىشىنى بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ تېز ۋە بىۋاستە كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، ھازىرقى زامان سانائىتى ھەممىلا يەردە ئەمگەكنى زور دەرىجىدە ئاددىيلاشتۇرۇپ، ئۇنى كىشىلەر ئاسان ئىگەللىۋالىدىغان قىلىپ قويغاچقا، بىرەر سانائەت تارمىقىدا ئىش ھەققىنىڭ ئوسۇشىمۇ ئىشچىلارنىڭ مۇشۇ سانائەت تارمىقىغا قاراپ ئېقىشىنى دەرھال كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئىش ھەققىنىڭ توۋەنلىشىمۇ ئازدۇر-كوپتۇر بىۋاستە ھالدا ئومۇمى خاراكتېرغا ئىگە بولىدۇ.

ئەلۋەتتە، بىز بۇ يەردە بۇرژۇئازىيە تەرەپ ئۆتتۈرىغا قويغان كوپلىگەن كىچىك يۈزەكى ھەل قىلىش چارىلىرىنى تەھلىل قىلىپ ئوتەلمەيمىز[1].

3. لېكىن بىز ئۈچىنچى تەكلىپكە — ھالىتۇس نەزەرىيىسىگە ئوتۇشىمىز كېرەك. بۇ تەكلىپ، ئەمەلىيەتتە، ئىنتايىن زور ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى ھەمدە ئۆزلۈكسىز كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

بىز بۇ يەردە مۇھاكىمە قىلماقچى بولغان بۇ نەزەرىيىنى پۈتۈنلەي توۋەندىكىچە يىغىنچاقلىشىمىز مۇمكىن:

(a) ئىش ھەققى سەۋىيىسى يەتكۈزۈپ بېرىلىدىغان ئىشچى بىلەن ئېھتىياجلىق بولغان ئىشچىنىڭ نىسبىتىگە باغلىق.

ئىش ھەققىنى ئۇستۇرۇشنىڭ مۇنداق ئىككى چارىسى بولۇشى مۇمكىن:

ياكى ئەمگەكنى ئىشقا سالىدىغان كاپىتالنى ناھايىتى تېز ئوستۇرۇپ، ئىشچىغا بولغان ئېھتىياجنى ئىشچى بىلەن تەمىنلەشكە قارىغاندا ناھايىتى تېز ئوسىدىغان قىلىش(تېخىمۇ تېز ئوسىدىغان جىنشۇ بىلەن كوپەيتىش).

ئۇنىڭدىن قالسا، ياكى نوپۇسنىڭ كوپىيىشى ناھايىتى ئاستا بولۇش، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇنۇملۇك كاپىتالنىڭ ئوسۇشى تېز بولمىسىمۇ، ئىشچىلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت يەنىلا كۈچلۈك بولماسلىق.

---

① قولىيازمىنىڭ مۇشۇ يېرىگە "يوقسۇللۇق ھادىسىسى" دىگەن سوز قوشۇلغان. — تەھرىردىن

ئۆزئارا مۇناسىۋەتنىڭ بىر تەرىپىگە، يەنى ئۈنۈملۈك كاپىتالنىڭ كۆپىيىشىگە سىلەر ئىشچىلار ھېچقانداق تەسىر كۆرسىتەلمەيسىلەر.

بۇنىڭ ئەكسىچە، يەنە بىر تەرىپىگە تەسىر كۆرسىتىشىڭلار پۈتۈنلەي مۇمكىن.

سىلەر مۇمكىن قەدەر بالىنى ئاز تاپساڭلار ئىشچى جەھەتتىكى تەمىنلەشنى قىسقارتقىلى، يەنى ئىشچىلار ئارىسىدىكى رىقابەتنى يۇمشاتقىلى بولىدۇ.

تۆۋەندىكى پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلسىلا، ئىنتايىن ئاخمىقانە، رەزىل ۋە ساختا بولغان بۇ تەلىماتنى ئېچىپ تاشلاشقا كۇپايە قىلىدۇ:

(β) (بۇ، بىرىنچى بولۇم — "ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئۆسۈشى ئىش ھەققىغە قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ" دىگەن بولۇمگە قوشۇمچە بولۇشى كېرەك)

ئەمگەككە بولغان تەلەپ ئۆسسە، ئىش ھەققىمۇ ئۆسىدۇ. ئەمگەكنى ئىشقا سالىدىغان كاپىتال ئۆسسە، يەنى ئۈنۈملۈك كاپىتال ئۆسسە، بۇنداق تەلەپ ئۆسىدۇ.

بۇ ھەقتە، بۇ يەردە مۇنداق ئىككى موھىم ئىزاھاتنى بېرىپ ئۆتۈش كېرەك:

**بىرىنچى**، ئىش ھەققىنىڭ ئۆسۈشىنىڭ ئاساسىي شەرتى — ئۈنۈملۈك كاپىتالنىڭ كۆپىيىشى ۋە مۇمكىن قەدەر تېز ئۆسۈشى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىشچىنىڭ تەسىلىكتە تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە ئىمكانىيەت بېرىدىغان ئاساسىي شەرت ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى بۇرژۇئازىنىڭكىدىن بارغانسېرى تۆۋەنلىتىشىدىن، ئۇنىڭ ئۆز دۈشمىنىنىڭ كۈچىنى — كاپىتالنى مۇمكىن قەدەر كۆپەيتىشىدىن ئىبارەت. دىمەك، ئىشچى پەقەت ئۆزىگە دۈشمەن بولغان كۈچنى

يەنى ئۆزىنىڭ رەقىبىنى ئىشلەپچىقارغان ۋە كۈچەيتكەن شارائىتتىلا، ئاندىن تەسلىكتە تۇرمۇش كەچۈرەلەيدۇ؛ بۇنداق شارائىت ئاستىدا، ئۇ ئەنە شۇنداق ئۆزىگە دۈشمەن بولغان كۈچنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن چاغدىلا، ئاندىن ئۇ شۇ كۈچ تەرىپىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋاستىسىگە ئېرىشىدۇ، بۇنداق ۋاستە، ئۆز نۆۋىتىدە، ئۇنى ئۈنۈملۈك كاپىتالنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرىدۇ، ئۈنۈملۈك كاپىتالنى كۈچەيتىدىغان ھەمدە ئۇنى تېز سۈرئەت بىلەن ئۆستۈرىدىغان پىشاڭغا ئايلاندۇرىدۇ.

شۇنى ئېيتقاچ كېتەيلى: كاپىتال بىلەن ئەمگەك ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق مۇناسىۋەتنى چۈشەنگەندە، فۇرىيېچىلىقنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ كاپىتال بىلەن ئەمگەكنى ياراشتۇرۇشقا ئۇرۇنغانلىقىنىڭ نەقەدەر قىزىق - كۈلكىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش پۈتۈنلەي مۇمكىن.

**ئىككىنچى**، بۇنداق ئالماشتۇرۇۋېتىلگەن مۇناسىۋەتنى شۇ تەرىقىدە ئومۇمەن بايان قىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ يەردە تېخىمۇ مۇھىم بولغان ئىككىنچى ئامىلنىمۇ قوشۇپ قويىمىز.

ئۇ بولسىمۇ ئۈنۈملۈك كاپىتال كۆپىيىدۇ دېگەن سۆز نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ ۋە ئۈنۈملۈك كاپىتال قانداق شەرت ئاستىدا كۆپىيىدۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت.

كاپىتالنىڭ كۆپىيىشى كاپىتالنىڭ جۇغلىنىشى ۋە توپلىنىشى بولىدۇ. كاپىتال ئۆزىنىڭ جۇغلىنىشى ۋە توپلىنىشى ئارقىسىدا، ئەمگەكنىڭ كۆلىمىنى كۈندىن - كۈنگە كېڭەيتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، ئەمگەكنى تېخىمۇ ئاددىيلاشتۇرىدىغان يەنە بىر خىل ئىش تەقسىماتىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ؛

ئۇنىڭدىن قالسا، ماشىنا ئىشلىتىش كۆلىمىنىڭ كۈندىن - كۈنگە

كېڭىيىشىگە ھەمدە يېڭى ماشىنا ئىشلىتىشكە ئىمكانىيەت بېرىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى، ئۇنۇملۇك كاپىتالنىڭ ئۇسۇشىغا ئەگىشىپ:

ئىشچىلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت ئوخشاشلا كەسكىنلىشىپ بېرىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئىش تەقسىماتى ئاددىيلاشقانلىقتىن، ھەرقانداق ئەمگەك تارمىغىنىڭ ئىشىگى ھەر بىر كىشى ئۈچۈن تېخىمۇ ئېچىلىدۇ.

ئىشچىلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەتنىڭ ئۈزلۈكسىز كەسكىنلىشىشىنىڭ سەۋەبى يەنە شۇكى، ئۇلار، ئوخشاشلا، ماشىنا بىلەن رىقابەتلىشىشى زورۇر ھەمدە ئۇلار ماشىنا بولغانلىقى سەۋەبى بىلەن ئىشسىز قالىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇنۇملۇك كاپىتالنىڭ توپلىنىشى ۋە جۇغلىنىشى ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنىڭ بارغانسېرى كېڭىيىپ بېرىشىغا ئىمكانىيەت بېرىدۇ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە، يەتكۈزۈپ بېرىلىدىغان كاپىتالنىڭ رىقابىتى تۆپەيلىدىنمۇ، كاپىتالنىڭ ئۇسۇمى بارغانسېرى تۆۋەنلەيدۇ، —

ئۇنىڭ ئاقىۋىتى مۇنداق بولىدۇ:

ئۇششاق سانائەت كارخانىلىرى چوڭ كارخانىلار بىلەن رىقابەتلىشىشكە بەرداشلىق بېرەلمەي خانىۋەيران بولىدۇ. بۇرژۇئازىيىنىڭ تۆرگۈنلىغان تەبىقىلىرى ئىشچىلار سىنىپى قاتارىغا تاشلىنىدۇ. شۇ سەۋەپتىن، ئىشچىلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت ئۇنۇملۇك كاپىتالنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ مۇقەررەر يوسۇندا كېلىپ چىقىدىغان ئۇششاق كارخانا ئىگىلىرىنىڭ ۋەيران بولۇشى ئارقىسىدا كۈندىن-كۈنگە كەسكىنلىشىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇسۇم نورمىسىنىڭ تۆۋەنلىشى

ئارقىسىدا، بۇرۇن سانائەتكە بىۋاستە قاتناشمىغان ئۇششاق كاپىتالىستلارمۇ سانائەت پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر بولىدۇ، يەنى يىرىك سانائەتنىڭ زىيانكەشلىكىگە يېڭىدىن ئۇچرىغۇچىلار قاتارى تولۇقلىنىدۇ. دېمەك، مۇشۇ جەھەتتىن قارىغاندا، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئادەم سانىمۇ كۆپىيىدۇ، ئىشچىلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەتمۇ كەسكىنلىشىدۇ.

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىدە بولغان تەرەققىيات ئەمگەك كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن، ئۇ ھالدا، رىقابەت بارغانسېرى ئومۇملىشىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، ۋاقىتلىق ئىشلەپچىقىرىش ئۇشۇقچىلىقى بارغانسېرى مۇقەررەر بولۇپ قالىدۇ، دۇنيا بازىرى بارغانسېرى كېڭىيىدۇ. شۇ سەۋەپتىن، ۋېيجى بارغانسېرى ئۆتكۈرلىشىدۇ. ئەنە شۇنداق تاسادىپىي ۋاستىلەر ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇش قۇرۇشىغا ۋە نەسلىنىڭ ئاۋۇشىغا سەۋەپچى بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، ئىشچىلار كۆپلەپ جەملىشىدۇ ۋە توپلىشىدۇ، شۇ سەۋەپتىن ئۇلارنىڭ ئىش ھەققى بارغانسېرى داۋالغۇپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەرقانداق بىر قېتىملىق يېڭى ۋېيجى ئىشچىلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەتنى توغرىدىن-توغرا زور دەرىجىدە كەسكىنلەشتۈرىدۇ.

قىسقىسى، تېخىمۇ تېز بولغان قاتناش قوراللىرىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىگە ۋە ئايلىنىش سۈرئىتىنىڭ تېزلىشىشىگە، يەنى كاپىتالنىڭ جىددىي يوسۇندا ئوبوروت بولۇشىغا ئەگىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئۆسۈشى ئوخشاش بىر ۋاقىت ئىچىدە تېخىمۇ كۆپ مەھسۇلاتنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىدا ئىپادىلىنىدۇ، دېمەك، رىقابەت قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، مۇقەررەر ھالدا تېخىمۇ كۆپ مەھسۇلات

ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. بۇ شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى، ئىشلەپچىقىرىش بارغانسېرى قىيىن شارائىتتا ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ، ھالبۇكى ئەنە شۇنداق شارائىتتا رىقابەتكە بەرداشلىق بېرىش ئۈچۈن، ئەمگەك كۆلىمى بارغانسېرى زورىيىدۇ، كاپىتال بارغانسېرى مۇقەررەر ھالدا ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ قولىغا مەركەزلىشىدۇ. بۇنداق كەڭ كۆلەملىك ئىشلەپچىقىرىشنى نەپ بېرىدىغان قىلىش ئۈچۈن، ئىش تەقسىماتى ۋە ماشىنا ئىشلەپچىقىرىلىشى مۇقەررەر ھالدا ئۈزلۈكسىز ۋە تەكشىسىز رەۋىشتە راۋاجلىنىدۇ.

بارغانسېرى قىيىن بولۇپ بېرىۋاتقان بۇنداق شارائىتتا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش كاپىتالىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئىشچى-لارغىمۇ كېڭىيىدۇ. ئىشچىلارنىڭ بارغانسېرى قىيىن شارائىتتا تېخىمۇ كۆپ مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشى زورۇر بولۇپ قالىدۇ، دېمەك، ئىشچىلار ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى بارغانسېرى تۆۋەن-لەۋاتقان ئەھۋالدا تېخىمۇ ئاز ئىش ھەققى ئېلىپ، تېخىمۇ كۆپ ئىش قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققى ئىشچىلارنى ئەڭ تۆۋەن چەكتىكى تۇرمۇش ھالاۋىتى شارائىتىدا تېخىمۇ جان تىكىپ ئىشلەشكە بارغانسېرى مەجبۇر قىلىدۇ.

تەكشىسىزلىك سۇەنشۇلۇق جىشۇ بويىچە ئەمەس، بەلكى جىخې-لىق جىشۇ بويىچە ئۆسىدۇ[1].

دېمەك، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئۇسۇشىگە ئەگىشىپ كېلىدىغىنى يىرىك كاپىتال ھوكۇمرانلىقىنىڭ كۈچىيىشى، ئىشچى

---

① بۇ سۆزلەرنى ماركس ماقالىنىڭ قوليازما بېتىنىڭ بىر چېتىگە يېزىپ قويغان. — تەھرىردىن

دەپ ئاتالغان ماشىنىنىڭ بارغانسېرى ئاددىيلىشىشىدىن ئىبارەت، ئىش تەقسىماتى دائىرىسىنىڭ ۋە ماشىنا ئىشلىتىش كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشى، تۇغۇتنى مۇكاپاتلاشنىڭ ئاشكارا بەلگىلىنىشى، بۇرژۇ-ئازىيىنىڭ خانىۋەيران بولغان تەبىقىلىرىنىڭ رىقابىتى ۋاھاكازالار ئارقىسىدا، ئىشچىلار ئوتتۇرىسىدىكى بىۋاسىتە رىقابەتمۇ كۈندىن-كۈنگە كەسكىنلىشىدۇ.

بىز يەنە بۇنى تېخىمۇ قىسقا قىلىپ بايان قىلىشىمىز مۇمكىن.

ئۇنۇملۇك كاپىتالنىڭ 3 تەركىۋىي قىسمى بار:

(1) جىياگۇڭ قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان خام ئەشيا؛

(2) ماشىنا ۋە ماشىنىنى ھەركەتكە كەلتۈرۈشكە لازىم بولىدىغان كومۇرگە ئوخشاش ماتېرىيال، بىنالار ۋە باشقىلار؛

(3) ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇش خىراجىتىگە سەرپ قىلىنىدىغان كاپىتال.

ئۇنۇملۇك كاپىتال كۆپەيگەن ئەھۋال ئاستىدا، بۇ 3 تەركىۋىي قىسمىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى قانداق بولىدۇ؟

ئۇنۇملۇك كاپىتالنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ كېلىدىغىنى — ئۇنۇملۇك كاپىتالنىڭ توپلىنىشى، كاپىتالنىڭ توپلىنىشىغا ئەگىشىپ كېلىدىغىنى بولسا، پەقەت ئېكسپىلاتاتسىيە دائىرىسى ئۈزلۈكسىز كېڭەيگەندىلا ئاندىن كاپىتالنىڭ پايدىغا ئېرىشەلىشى.

دىمەك، ناھايىتى زور بىر قىسىم كاپىتال بىۋاسىتە ھالدا ئەمگەك قورالىغا ئايلىنىدۇ ھەمدە ئەمگەك قورالى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز جىزنېگىنى جارى قىلدۇرىدۇ، ھالبۇكى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى قانچە ئۆسسە، بىۋاسىتە ھالدا ماشىنىغا ئايلىنىدىغان بۇنداق بىر قىسىم كاپىتال شۇنچە كۆپىيىدۇ.

ماشىنا بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشى، پۈتۈنلەي ئىش تەقسىماتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئوخشاش، تېخىمۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە خېلى دەرىجىدە كۆپ مەھسۇلاتنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىغا سەۋەپ بولىدۇ. شۇڭا، خام ئەشيا زاپىسىمۇ ئوخشاش نىسبەت بىلەن كۆپىيىشى كېرەك. ئۈنۈملۈك كاپىتال كۆپەيگەن ئەھۋال ئاستىدا، خام ئەشياغا ئايلىنىدىغان بىر قىسىم كاپىتالنىڭمۇ كۆپىيىشى كېرەك بولىدۇ.

ئەمدى قالغىنى ئۈنۈملۈك كاپىتالنىڭ ئۈچىنچى قىسمى، يەنى ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇش خىراجىتىگە سەرپ قىلىنىدىغان قىسمى، يەنى ئىش ھەققىغە ئايلىنىدىغان قىسمى.

ئۈنۈملۈك كاپىتالنىڭ بۇ قىسمىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن قالغان ئىككى قىسمىنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

ئىش تەقسىماتىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ راۋاجلىنىشىنىڭ نەتىجىسىدە، بىر ئىشچى بۇرۇن 3، 4، 5 ئىشچى ئىشلەپچىقىرىدىغان نەرسىنى ئىشلەپچىقىرالايدىغان بولىدۇ. ماشىنا ئىشلىتىشنىڭ نەتىجىسىدە، شۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋال تېخىمۇ مىسلىسىز چوڭ كۆلەمدە ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ.

ھەممىدىن ئاۋال، ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇمكى، ئۈنۈملۈك كاپىتالنىڭ ماشىنىغا ۋە خام ئەشياغا ئايلىنىدىغان قىسمىنىڭ كۆپىيىشى ئىش ھەققىغە سەرپ قىلىنىدىغان قىسمىنىڭ ئوخشاش كۆپىيىشىگە سەۋەپ بولمايدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ماشىنا ئىشلىتىلگەندە ۋە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدىكى ئىش تەقسىماتى يولغا قويۇلغاندا مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىش كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنىڭدىن بىۋاستە كېلىپ چىقىدىغان خۇلاسە

شۇكى، ئۆنۈملۈك كاپىتالنىڭ ئىش ھەققىغە سەرپ قىلىنىدىغان قىسمى ماشىنىغا ۋە خام ئەشياغا سەرپ قىلىنىدىغان قىسمى بىلەن باراۋەر دەرىجىدە ئۆسمەيدۇ. بۇلار لا ئەمەس. ئۆنۈملۈك كاپىتالنىڭ كۆپىيىشى يەنى كاپىتالنىڭ ئۆز كۆچىنىڭ ئېشىشى ئارقىسىدا، خام ئەشيا ۋە ماشىنىغا سېلىنىدىغان كاپىتال بىلەن ئىش ھەققىغە سەرپ قىلىنىدىغان كاپىتال ئوتتۇرىسىدىكى تەكشىسىزلىك باراۋەر دەرىجىدە ئۆسىدۇ. بۇمۇ ئۆنۈملۈك كاپىتالنىڭ ئىش ھەققىغە سەرپ قىلىنىدىغان قىسمى، كاپىتالنىڭ ماشىنا ۋە خام ئەشياغا سەرپ قىلىنىدىغان قىسمىغا سېلىشتۇرغاندا، بارغانسېرى ئاز بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

كاپىتالىست تېخىمۇ كوپ مىقتاردىكى كاپىتالنى ماشىنىغا سالغاندىن كېيىن، تېخىمۇ نۇرغۇن كاپىتال سەرپ قىلىپ ئومۇمى خام ئەشيا ۋە ماشىنىنى ھەركەتكە كەلتۈرۈشكە لازىم بولىدىغان خام ئەشيا سېتىۋېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. لېكىن، ئەگەر ئۇ بۇرۇن 100 ئىشچى ياللىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئەمدى 50 ئىشچى ياللىسىلا كۇپايە قىلىشى مۇمكىن. بۇنداق بولمىغاندا، ئۇ كاپىتالنىڭ قالغان ئىككى قىسمىنى يەنە بىر قېتىم ھەسسىلەپ ئاشۇرۇشقا، يەنى تەكشىسىزلىكنى تېخىمۇ كېڭەيتىشكە تۇتۇش قىلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ 50 ئىشچىنى، ياكى 100 ئىشچىنى ئىشتىن بوشاتسىمۇ، ئەمگەكنى يەنىلا بۇرۇنقى 50 ئىشچىنىڭ باھاسى بويىچە يۈرگۈزۈۋېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بازاردا ئارتۇق ئىشچىلار كېلىپ چىقىدۇ.

ئىش تەقسىماتى كۈندىن ـ كۈنگە مۇكەممەللىشىپ بارىدىغان ئەھۋالدا، پەقەت خام ئەشيا سېتىۋېلىشقا سەرپ قىلىنىدىغان كاپىتاللا مۇقەررەر ھالدا كوپىيىدۇ، بىر ئىشچى 3 ئىشچىنىڭ ئىشىنى

قىلىشىمۇ مۇمكىن.

بۇنى بىر خىل ئەڭ ياخشى ئەھۋال دەپ پەرەز قىلىش مۇمكىن. كاپىتالىست ئۆزىنىڭ كارخانىسىنى كېڭەيتىدۇ، بۇنىڭدا قوللىنىدىغان چارىسى بولسا ئەسلى ساندىكى ئىشچىلارنىلا ساقلاپ قېلىشقا ئىمكانىيەت بېرىپ قالماستىن — ئەلۋەتتە، ئۇ شۇنداق قىلىشقا بولىدىغان ۋاقىتنى كۈتۈپ تۇرمايدۇ — بەلكى ھەتتا تېخى ئىشچىلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىدۇ، بۇ چاغدا، ئوخشاش ساندىكى ئىشچىنى ساقلاپ قېلىش، ياكى ھەتتا ئىشچىنىڭ سانىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن، مۇقەررەر ھالدا، ئىشلەپچىقىرىشنى زور دەرىجىدە كېڭەيتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىشچىلارنىڭ سانى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ نىسبىتى نىسبى، چەكسىز ھالدا، تېخىمۇ تەتۈر تاناسىپ بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، ئىشلەپچىقىرىش ئۇشۇقچىلىقى مۇددەتتىن بۇرۇن يېتىپ كېلىدۇ، يېقىنقى بىر قېتىملىق ۋېيجىدە بولسا ئىشسىز قالغان ئىشچىلار ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن كۆپ بولىدۇ.

دېمەك، كاپىتال بىلەن ئەمگەك ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ماھىيىتىدىن موقەررەر ھالدا مۇنداق بىر ئومۇمى قانۇنىيەت كېلىپ چىقىدۇ: ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى راۋاجلانغان ئەھۋالدا، ئۈنۈملۈك كاپىتالنىڭ ماشىنا ۋە خام ئەشياغا ئايلىنىدىغان قىسمى، يەنى ھەقىقى كاپىتال بولىدىغان كاپىتال، ئۈنۈملۈك كاپىتالنىڭ ئىش ھەققىگە سەرپ قىلىنىدىغان قىسمىغا نىسبەتەن نىسبەتلەشتۈرگىلى بولمايدىغان ھالدا كۆپىيىدۇ؛ يەنە بىر تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئىشچىلار ئۈنۈملۈك كاپىتالنىڭ ئومۇمى مىقدارىغا قارىغاندا كۈندىن-كۈنگە ئازىيىپ بارىدىغان بىر قىسىم

ئۇنۇملۇك كاپىتالىنى ئۇزئارا تەقسىم قىلىشىۋېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ رىقابىتى كۈندىن ـ كۈنگە كەسكىنلىشىدۇ. يەنە بىر تۇرلۇك قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇنۇملۇك كاپىتال قانچە كوپەيسە، ئىشچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋاستىسى، ياكى تۇرمۇش ۋاستىلىرى نىسبى ھالدا شۇنچە ئازىيىدۇ، يەنە بىر تۇرلۇك قىلىپ ئېيتقاندا، ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋاستىسىنىڭ كوپەيىشىگە قارىغاندا، ئىشچىلار نوپۇسىنىڭ كوپىيىشى شۇنچە تېز بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە، بۇنداق تەكشىسىزلىك ھامان ئومۇمى ئۇنۇملۇك كاپىتال بىلەن تەڭ دەرىجىدە ئوسۇپ بارىدۇ.

يۇقۇرىدا ئېيتىلغان تەكشىسىزلىكنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئۇنۇملۇك كاپىتال جىخپىلىق جىشۇ بويىچە ئوسۇشى لازىم، كېيىن ۋېيجى بولغان مەزگىلدە بۇنداق تەكشىسىزلىكنى يەنە يوقىتىش ئۈچۈن بولسا، ئۇ تېخىمۇ كوپ ئوسۇشى لازىم.

بۇرژۇئازلار پەقەت ئىشچى بىلەن كاپىتالىنىڭ مۇناسىۋىتىدىن پەيدا بولغان، ھەتتا ئىشچىغا ئەڭ پايدىلىق بولغان ھالەتنى — ئۇنۇملۇك كاپىتالنىڭ ئۇزلۇكسىز كوپىيىشىنى — پايدىسىز ھالەتكە ئايلاندۇرىدىغان قانۇنىيەتنى ئىجتىمائى قانۇنىيەتتىن تەبىئى قانۇنىيەتكە ئوزگەرتىپ، تەبىئى قانۇنىيەت بويىچە، نوپۇس ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋاستىسىدىن، يەنى تۇرمۇش ۋاستىلىرىدىن تېز ئوسىدۇ دەپ دەۋا قىلىدۇ.

ئۇلار ئۇنۇملۇك كاپىتالنىڭ كوپىيىشىنىڭ بۇنداق زىددىيەتنىڭ كوپىيىشىنى ئوز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

بۇ ھەقتە كېيىن بىز يەنە توختىلىمىز.

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى خۇسۇسەن ئىشچىنىڭ ئوزىنىڭ

ھەقسىز ئىجتىمائى كۈچلىرى ھەتتا ئىشچى بىلەن زىتلىشىدۇ.

---

(٢) بىرىنچى خىل بىمەنە سوز:

بىزگە مەلۇمكى، ئەگەر ئۇنۇملۇك كاپىتال ئوسسە (ئىقتىساتشۇناسلار پەرەز قىلغان ئەڭ پايدىلىق ئەھۋال)، ئەگەر شۇ سەۋەپتىن ئەمگەككە بولغان ئېھتىياجمۇ مۇناسىپ ھالدا ئوسسە، ئۇ ھالدا، ھازىرقى زامان سانائىتىنىڭ خاراكتىرىغا ھەمدە كاپىتالنىڭ تەبىتىگە ئاساسەن كېلىپ چىقىدىغان خۇلاسە مۇنداق بولىدۇ: ئىشچىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋاستىسى تەڭ دەرىجىدە ئوسمەيدۇ، ئۇنۇملۇك كاپىتالنىڭ كوپىيىشىگە سەۋەپچى بولىدىغان ئەھۋاللار ئەمگەك بىلەن تەمىنلەش بىلەن ئەمگەككە بولغان ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى تەڭسىزلىكنى تېخىمۇ تېز كۈچەيتىدۇ، — بىر ئېغىز سوز بىلەن ئېيتقاندا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئوسۇشى، ئەينى زاماندا، ئىشچىلارنىڭ سانى بىلەن ئىشچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋاستىسىنىڭ مىقتارى ئوتتۇرىسىدىكى تەڭسىزلىكنىمۇ كۈچەيتىدۇ. ئۇنىڭ ئوزىدىن قارىغاندا، بۇ تۇرمۇش ۋاستىلىرى مىقتارىنىڭ ئېشىشىغىمۇ، نوپۇسنىڭ كوپىيىشىگىمۇ باغلىق ئەمەس. بۇ — يىرىك سانائەتنىڭ تەبىتىدىن ۋە ئەمگەك بىلەن كاپىتالنىڭ مۇناسىۋىتىدىن مۇقەررەر كېلىپ چىقىدىغان ھادىسە.

لېكىن، ئەگەر ئۇنۇملۇك كاپىتالنىڭ ئوسۇشى ھامان ناھايىتى ئاستا بولسا، ئەگەر ئۇنۇملۇك كاپىتال باشتىن-ئاخىر ئوزگەرمىسە ياكى ھەتتا ئازىيىپ كەتسە، ئۇ ھالدا، ئەمگەككە بولغان ئېھتىياجغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىشچىلارنىڭ سانى ئەبەدىل-ئەبەت بەك كوپ بولۇۋېرىدۇ.

بۇ ئىككى خىل ئەھۋال ئاستىدا، يەنى ئەڭ پايدىلىق ۋە ئەڭ پايدىسىز ئەھۋال ئاستىدا، ئەمگەك بىلەن كاپىتالنىڭ مۇناسىۋىتىدىنمۇ، كاپىتالىنىڭ ئۆزىنىڭ تەبىئىتىدىنمۇ كېلىپ چىقىدىغان خۇلاسە مۇنداق بولىدۇ: ئىشچى بىلەن تەمىنلەش ھامان ئەمگەككە بولغان ئېھتىياجدىن ئېشىپ كېتىدۇ.

(δ) مۇنداق بىر خىل سەپسەتىنى تىلغا ئېلىشنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى يوق، بۇنداق سەپسەتە، قانداقتۇ، پۈتكۈل ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بالا تاپماسلىق قارارىنى ماقۇللىشى مۇمكىن ئەمەس، ئەكسىچە، ئۇنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى جىنسىي تەلەپنى ئۇنىڭ ئاساسىي لەززىتىگە ئايلاندۇرىدۇ ھەم ئۇنى بىر تەرەپلىمە ھالدا راۋاجلىنىشقا ئېلىپ بارىدۇ، دەيدۇ.

بۇرژۇئازىيە ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈپ قويغاندىن كېيىن، يەنە ئىشچىلارنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىلىشىنىمۇ چەكلەپ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈپ قويماقچى بولىدۇ.

(ε) ئەمما، تۆۋەندىكى پاكىتتىن بۇرژۇئازىيىنىڭ بۇ سۆزلەر ۋە نەسىھەتلەرگە مۇئامىلە قىلىشىنىڭ نەقەدەر ئەستايىدىل ئەمەسلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

**بىرىنچى**، ھازىرقى زامان سانائىتىنىڭ قۇرامىغا يەتكەن ئىشچىلارنىڭ ئورنىغا بالا ئىشچىلارنى ئىشلىتىشى تۆغۈتنى ھەقىقى تۈردە مۇكاپاتلىغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**ئىككىنچى**، يىرىك سانائەت، ئىشلەپچىقىرىش يۈكسەلگەن مەزگىلدە ئىشلىتىش ئۈچۈن، ئىشقا ئورۇنلاشمىغان ئىشچىلار زاپىسىغا دائىم مۇھتاج بولىدۇ. چۈنكى بۇرژۇئازىنىڭ ئىشچىدىن

كۈتىدىغان ئاساسىي مەقسىدى، ئومۇمەن، ئەمگەكتىن ئىبارەت شاكىپىنغا مۇمكىن قەدەر تووەن باھا بىلەن ئېرىشىش، ۋاھالەنكى بۇ پەقەت بۇنداق شاكىپىن بىلەن تەمىنلەش ئېھتىياجىدىن كۆپلەپ ئېشىپ كەتكەن ئەھۋالدىلا، يەنى ئىنتايىن كۆپ ئوشۇقچە ئاھالە بار بولغاندىلا، ئاندىن مۇمكىن بولىدۇ.

دىمەك، ئاھالە ئوشۇقچىلىغى بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىشچىلارغا چىرايلىق سوزلەر بىلەن نەسىھەت قىلىشىدىكى سەۋەپ شۇكى، ئۇ بۇنداق نەسىھەتنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدىغانلىغىنى بىلىدۇ.

(٤) كاپىتال پەقەت ئىشچىغا ئىش بېرىشكە قادىر بولغان چاغدىلا ئوسەلەيدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئوسۇشى پرولېتارىيات-نىڭ ئادەم سانىنىڭ كوپىيىشىنى ئوز ئىچىگە ئالىدۇ، شۇنىڭدەك، خۇددى بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، كاپىتال بىلەن ئەمگەكنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ تەبىتىگە ئاساسەن، پرولېتارىياتنىڭ سانىنىڭ كوپىيىشىنىڭ نىسبى ھالدا تېزرەك بولۇشى مۇقەررەر.

(٥) شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىپ ئوتۇلگەن نەزىرىيىنىڭ، يەنى ئاھالىنىڭ كوپىيىشىنىڭ تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىڭ كوپىيىشىدىن تېز بولۇشى تەبىي قانۇنىيەت دەپ كۆچىنىڭ بېرىچە گەپ ساتىدىغان نەزىرىيىنىڭ بۇرژۇئازنىڭ ئالقىشىغا تېخىمۇ ئېرىشىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇنداق نەزىرىيە ئۇنىڭ ۋىجدانىغا تەسەللى بېرىدۇ، شەپقەتسىزلىكنى بىر خىل ئەخلاقىي مەجبۇرىيەت قىلىۋېلىشنى ئۇنىڭ ئۇستىگە مەسئۇلىيەت قىلىپ ئارتىدۇ، بۇنداق نەزىرىيە ئىجتىمائىي ھادىسىنى تەبىي ھادىسىگە ئايلاندۇرىدۇ ھەمدە بۇرژۇئازنى پرولېتارىياتنىڭ ئاچارچىلىقتىن كوپلەپ

ئولۇپ كېتىشكە، ھەرقانداق بىر تەبىـى ھادىسىگە قارىغانـدەك، بىغەملىك ۋە بىپەرۋالىق بىلەن قاراشقا دالالەت قىلىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، پۈرولېتارىياتىنىڭ نامراتلىقىنى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ گۇناسى دەپ قارايدۇ ھەمدە ئۇنى شۇ گۇناسى ئۈچۈن جازالاشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇنداق نەزەرىيە، قانداقتۇ، پۈرولېتارىـيات تەبىي ئىقتىدارنى ئىدرەك بىلەن تېزگىنلەيدۇ ھەمدە تەبىەت قانۇنىنىڭ زىيانلىق تەرەققىياتىنى ئەخلاقىي نازارەت چارىـسى بىلەن چەكلەيدۇ، دەيدۇ.

(ﻟ) كەمبەغەللەرگە ئىجتىمائى ياردەم بېرىش قانۇنىنى بۇنداق نەزەرىيىنىڭ تەدبىق قىلىنىشى دىيىشكە بولىدۇ. چاشقان زىياندا شلىقىنى يوقىتىش. مەرگىـمۇش. ھۈنەر ئۆگىنىش ئورنى. ئومۇمەن يوقسۇللۇق ھادىسىسى. تەپكۈچ چاقىنىڭ يەنە مەدەنىـيەت ساھەسىگە كىرگۈزۈلۈشى. ۋەھشىلىكنىڭ يەنە ئوتتۇرىغا چىقىشى، لېكىن ئۇ مەدەنىيەتنىڭ ئۆز قوينىدىن پەيدا بولىدۇ ھەمدە مەدەنىيەتكە تەۋە بولىدۇ؛ شۇڭـا موخـو كېسلى يۇقـقان ۋەھشىلىك، مەدەنىي موخو كېسلى بولغان ۋەھشىلىك پەيـدا بولىدۇ. ھۈنەر ئۆگىنىش ئورنى ئىشچىـلار ئۈچۈن باسـتى تۇرمە. خوتۇن بىلەن ئېـرىنىڭ ئايرىلىپ ياشىشى.

4. ئەمدى بىز ئىشچىلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىش ھەققىنى بەلگىلەشنىڭ باشـقا بىر خىل چارىـسى بىلەن ياخشىلىماقـچى بولغان كىشىلەرنى قىسقىچە تىلغا ئېلىپ ئوتىمىز.

پرۇدون.

5. ئەڭ ئاخىـردا، خەيـرى ـ ئېھسانچى ئىقـتىساتشۇناسلارنىڭ ئىش ھەققى توغـرىسىدىكى پىكـرىدە يەنە بىر خىل نۇقـتىنەزەر

كورستىلىدۇ.

(α) باشقا ئىقتىساتشۇناسلار ئىچىدە بولۇپمۇ **روسسى** تووەندىكى نۇقتىنەزەرلەرنى جارى قىلدۇرىدۇ:

زاۋۇت ئىگىسىنىڭ ئىشچىغا ئاۋانس بېرىدىغىنى پەقەت شۇ ئىشچى ئىلىشقا تېگىشلىك بولغان بىر ئۈلۈش مەھسۇلات، چۈنكى ئىشچى مەھسۇلاتنىڭ سېتىلىشىنى كۈتۈپ تۇرالمايدۇ. ئەگەردە ئىشچى ئۆزىنى مەھسۇلات سېتىلغانغىچە باقالىسا ئىدى، ئۇ هالدا، خۇددى كاپىتالىست بىلەن سانائەت كاپىتالىستى ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان ئەھۋالغا ئوخشاش، ئۇ ئۆزىگە بېرىلىدىغان بىر قىسىم مەھسۇلاتنى پايچىك سۈپىتى بىلەن بەھرىمەن بولۇش هوقۇقىغا ئىگە بولغان بولاتتى. شۇڭا، ئىشچىنىڭ نىسۋىسى دەل ئىش هەققى شەكلىنى ئالغان بولىدۇ، بۇ بىر خىل تاسادىپى شەيئى، چۈنكى ئۇ هايانكەشلىكنىڭ نەتىجىسى، ئىشلەپچىقىرىش جەريانى بىلەن بىر ۋاقىتتا پەيدا بولىدىغان، لېكىن هەرگىز ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنىڭ مۇقەررەر تەركىۋى ئامىلى بولمىغان بىر خىل ئالاهىدە پائالىيەتنىڭ نەتىجىسى. ئىش هەققى هازىرقى زامان ئىجتىمائى تۈزۈمىنىڭ بىر خىل تاسادىپى شەكلىدىنلا ئىبارەت. ئۇ كاپىتالنىڭ زورۇر قىسمى ئەمەس. ئۇ ئىشلەپچىقىرىشقا زورۇر بولغان ئامىل ئەمەس. ئۇ باشقا بىر خىل ئىجتىمائى تەشكىلات شارائىتىدا يوقىلىشى مۇمكىن.

(β) بۇ ئاقىلانە قاراشنى تووەندىكىچە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: ئەگەر ئىشچىنىڭ قولىدا يەتكۈدەك جۇغلانغان ئەمگەك، يەنى يەتكۈدەك كاپىتال بولۇپ، ئۆز ئەمگىكىنى بىۋاستە سېتىش يولى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولمىسا ئىدى، ئۇ هالدا،

ئىش ھەققى شەكلى يوقىلاتتى. بۇ شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى، ھەممە ئىشچىلار ھەم ئىشچى، ھەم كاپىتالىست بولۇشى كېرەك، دېمەك، بۇ كاپىتالنى ساقلاپ قېلىش، لېكىن يالالانما ئەمگەكتىن ئىبارەت بۇ قارىمۇ-قارشى نەرسىنى كېرەك قىلماسلىق بىلەن باراۋەر دېگەنلىكتۇر، لېكىن يالالانما ئەمگەك بولمىسا، كاپىتال مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ.

(٢) ئەمەلىيەتتە، بۇ سوزگە دىققەت قىلىش كېرەك. ئىش ھەققى بۇرژۇئا ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تاسادىپى شەكلى ئەمەس، پۈتكۈل بۇرژۇئا ئىشلەپچىقىرىشى بولسا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ۋاقىتلىق تارىخىي شەكلى. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بارلىق مۇناسىۋەتلىرى (كاپىتال، ئىش ھەققى، يەر ئىجارىسى ۋە باشقىلار) ۋاقىتلىق بولۇپ، ئۇلار مۇئەييەن تەرەققىيات باسقۇچىدا يوقىلىدۇ.

## VII ئىشچىلار بىرلەشمىلىرى

نوپۇس نەزىرىيىسىنىڭ موھىم نۇقتىسىنىڭ بىرى شۇكى، ئۇ ئىشچىلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەتنى ئازايتىشقا ئۇرۇنىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئىشچىلار بىرلەشمىلىرىنىڭ مەقسىدى رىقابەتنى **يوقىتىپ**، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىشچىلارنىڭ **بىرلىشىشىنى** قويۇش.

ئىقتىساتشۇناسلارنىڭ بىرلەشمىلەرگە قارشى پىكىرلىرى توغرا پىكىرلەر:

(1) بىرلەشمىلەر ئىشچىلار ئۈستىگە ئالىدىغان خىراجەتنىڭ كوپ ھاللاردا بىرلەشمىلەر ئوستۇرۇش ئۇچۇن تىرىشقان كىرىمدىن كوپ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇزاققىچە رىقابەت قانۇنىيىتى بىلەن قارشىلىشىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئىتتىپاقلار

يېڭى ماشىنا ۋە يېڭى ئىش تەقسىماتىنى، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىر جايىدىن يەنە بىر جايغا كۆچۈشىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرمەكچى بولىدۇ. بۇلارنىڭ نەتىجىسى ئىش ھەققىنىڭ تۆۋەنلىشىدىن ئىبارەت بولىدۇ.

(2) ئەگەر بۇ ئىنتىپاقلار بىر مەملىكەتتە ئەمگەك باھاسىنى پايدىنىڭ باشقا مەملىكەتلەردىكى ئوتتۇرىچە پايدىغا قارىغاندا كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھالدا تۆۋەنلىشىگە، ياكى كاپىتالنىڭ كۆپىيىشىنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشىغا سەۋەپ بولالايدىغان يۈكسەكلىكتە ساقلاپ قالالىسا، ئۇ ھالدا، ئۇنىڭ نەتىجىسى سانائەتتە كاساتچىلىق ۋە چېكىنىش ھادىسىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ھەمدە ئىشچىلارنىڭ كارخانا ئىگىلىرى بىلەن بىللە خانىۋەيران بولۇشىدىن ئىبارەت بولىدۇ. چۈنكى، خۇددى بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئىشچىنىڭ ئەھۋالى ئەنە شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۈنۈملۈك كاپىتال كۆپەيسە، ئۇنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى ئۇچقاندەك تېز يامانلىشىدۇ، ئەگەر كاپىتال ئازايسا، ياكى باشتىن ـ ئاخىر ئۆزگەرمىسە، ئۇ جەزمەن خانىۋەيران بولىدۇ.

(3) بۇرژۇئا ئىقتىسادشۇناسلىرىنىڭ بۇ قارشى پىكىرلىرى، خۇددى يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، توغرا پىكىرلەر، لېكىن پەقەت ئۇلارنىڭ نۇقتىسىنەزىرىدىن قارىغاندىلا توغرا. ئەگەر ئىشچىلار بىرلەشمىلىرىنىڭ ۋەزىپىسى ھەقىقەتەن ئىش ھەققى بەلگىلەشتىنلا ئىبارەت بولغان ۋە بولۇۋاتقان بولسا، ئەگەر ئەمگەك بىلەن كاپىتال ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، بۇ ئىنتىپاقلار شەيئىلەرنىڭ مۇقەررەر تەرەققىياتىغا قارشى تۇرغانلىقى سەۋەبىدىن گۇمران بولىدۇ. لېكىن، بۇ ئىنتى-

پاقلار ـــ ئىشچىلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان ۋاستە، پۈتكۈل كونا جەمئىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلىماقچى، ئۇنىڭدىكى سىنىپىي زىددىيەتنى ئۈزۈل-كېسىل ھەل قىلماقچى بولغان ۋاستە. مۇشۇ نۇقتىنەزەردىن قارىغاندا، دانا بۇرژۇئا ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ بۇ ئىچكى ئۇرۇشتا ئىشچىلارنىڭ تالاپەتكە ئۇچرىغانلىرىنىڭ ۋە خوراتقان پۇلىنىڭ سانىنى ئۇلارغا ئالدىنالا ھېساپلاپ بەرگەنلىكىنى ئىشچىلارنىڭ مەسخىرە قىلىشى توغرا بولغان. كىمكى دۈشمەننى يەڭمەكچى بولسا، ئۇرۇشتا بولغان چىقىمنى دۈشمەن بىلەن مۇھاكىمە قىلىپ ئولتۇرمايدۇ. ئىشچىلار بولسا شەيئىلەرگە ھەرگىز ئۇنداق تار نەزەر بىلەن قارىمايدۇ، ئىقتىساتشۇناسلار تۆۋەندىكى پاكىتلاردىن كورۇۋالسا بولاتتى: ئىتتىپاقلارنىڭ كوپ قىسمى ئىش ھەققى ئەڭ يۇقۇرى بولغان ئىشچىلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان ھەمدە ئىشچىلار ئوزلىرىنىڭ ئىش ھەققىدىن تېجەپ قالالايدىغانلىكى پۇلىنى پۈتۈنلەي سىياسى تەشكىلاتلارنى ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇشقا ئىشلىتىدۇ، مۇشۇ ھەركەتكە ياردەم بېرىشكە ئىشلىتىدۇ. ئەگەر بۇرژۇئاز لويىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىقتىساتشۇناسلىرى بىر مەھەل رەھىمى كېلىپ، ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققىغە، يەنى ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇشقا بىر ئاز چاي ياكى شاراپ، شېكەر ۋە گوش قوشۇپ بېرىشكە رۇخسەت قىلسا، ئۇ ھالدا، ئەكسىچە، ئۇلار ئىشچىلارنىڭ بۇرژۇئازىيىگە قارشى ئۇرۇشقا سەرپ قىلىدىغان چىقىملارنىمۇ مۇشۇ ئەڭ تۆۋەن نورمىغا قوشۇپ ھېساپلىشىدىن، ئىشچىلارنىڭ ئوزلىرىنىڭ ئىنقىلاۋىي پائالىيەتلىرىدە تۇرمۇشتا ئەڭ چوڭ راھەتكە ئېرىشىشىدىن غەزەپلىنىدۇ ۋە ئۇنداق قىلىشنى ئەقلىگە سىغدۇرالمايدۇ.

## VIII يالـلانـما ئـەمگەكـنىڭ ئـجابـى تـەرىپـى

ئاخـىردا بىز ياللانما ئەمگەكنىڭ ئىجابى تەرىپىنىمۇ دىققەت-ئېتىۋارغا ئېلىشىمىز كېرەك.

(α) ئەگەر ياللانما ئەمگەكـنىڭ ئـجابى تەرىـپى ئۇسـتىدە توختالساق، ئۇ هالدا، كاپىتال، يىـرىك سانائەت، ئەركىن رىقا-بەت ۋە دۇنـيا بازىرىنىڭ ئىجابى تەرىـپى ئۇسـتىدە توخـتالغان بولىمىز، مېنىڭ سىلەرگە چۈشەنـدۈرۈشۈمـنىڭ هاجـتى بولمىسا كېرەك، بۇ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى بولـمىسا، ئىشـلەپچى-قىرىش ۋاستىلىرى — پرولېتارىياتنى ئازات قىلىدىغان ۋە يېڭـى جەمئىيەت قۇرىدىغان ماددى ئەشيالار يارىتىلمايدۇ، پرولېتارىياتنىڭ ئۆزىمۇ ئىتتىپاقلىـشالمايدۇ ۋە كونا جەمـىيەتتە ئىنقـلاپ ئېلىپ بېرىشقا هەمـدە ئۆزىـنى ئىنقـلاۋىيلاشـتۇرۇشقا هەقىـقى قادىـر بولۇش دەرىجىسىگە يېتەلمەيدۇ. ئىش هەققىنىڭ **تەكشىلىشىشى**.

(β) هەتتا ئىش هەققىنىڭ ئەڭ ئەخلاقىي بولمىغان تەرىـپى-دىن — مېنىڭ پائالىيىتىم شاگىـپىنغا ئايـلىنىـدۇ، مەن پۈتۈنـلەي سېتىلىدىغان دۇيشياگىغا ئايلىنىمەن — ئېلىپ ئېيتقاندا.

**بىرىنچىدىن**، مۇشۇ نۇقتا سەۋەبىدىن، بارلىق زوگفالىق تۈزۈمـ-دىكى نەرسىلەر يوقالغان بولىدۇ، چۈنكى پـەقەت سودىـلا، يەنى ئېلىش - سېـتىشلا بىردىن - بىر باغـلىنىش بولۇپ هېساپـلىنىدۇ، پەقەت پۇل مۇناسىۋىتىلا كارخانا ئىگىسى بىلەن ئىشچى ئوتتۇرى-سىدىكى بىردىن - بىر مۇناسىۋەت بولۇپ هېساپلىنىدۇ.

**ئىككىنچىدىن**، كونا جەمىيەتـتىـكى بارلـىق مۇناسـىۋەتـلەر، ئومۇمەن، مۇقەددەس دىگەن تونىنى سېلىۋەتكەن بولىدۇ، چۈنكى

ئۇلار ساپ پۇل مۇناسىۋىتىگە ئايلىنىدۇ.

خۇددى شۇنىڭدەك، بارلىق ئاتالمىش ئەڭ ئەلا ئەمگەك — ئەقلىي ئەمگەك، بەدىي ئەمگەك قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سودا دۇنياسىغا ئايلىنىدۇ ھەمدە ئەنە شۇ سەۋەپتىن بۇرۇنقى شوھرەتىدىن مەھرۇم بولىدۇ. بارلىق پوپلار، دوختۇرلار، لۇيشىلار ۋە باشقىلار، شۇنىڭدەك دىن، قانۇنشۇناسلىق ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ سودا قىممىتى بويىچە باھالىنىدۇ، بۇ نەقەدەر چوڭ ئىلگىرىلەش — ھە.①

(ئۇچىنچىدىن: كىشىلەر ئەمگەكنى شاگىپىنغا ئايلاندۇرىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئوزىنى ئەركىن رىقابەتنىڭ باشقۇرۇشىغا گىرىپتار قىلغاندىن كېيىن، ئۇنى مۇمكىن قەدەر ئەرزەن، يەنى مۇمكىن قەدەر ئاز ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى بىلەن ئىشلەپچىقىرىدۇ. شۇڭا، كەلگۈسى ئىجتىمائى تەشكىلاتلاردا، ھەرقانداق جىسمانى ئەمگەك بەك يېنىك، بەك ئاددى بولىدۇ. — ئومۇمى خۇلاسە چىقىرىلىدۇ.)

**ئۇچىنچىدىن**، ھەممە نەرسە سېتىش دۇنياسىغا ئايلاندۇرۇلغانلىقتىن، ئىشچىلار بىز ھەممىدىن قۇتۇلالايمىز، ھەممىنى چۇرۇپ تاشلىيالايمىز دەپ قارايدۇ؛ شۇڭا، ئۇلار مۇئەييەن مۇناسىۋەتنىڭ بېقىنىدىسىدىن بىرىنچى قېتىم قۇتۇلىدۇ. ھەم مەھسۇلات تاپشۇرمايدۇ، ھەم ھېلىقىدەك پەقەتلا مۇئەييەن تەبىقە (فېودالىلىق تەبىقە)نىڭ بېقىندىسى بولۇشتەك تۇرمۇش ئۇسۇلى قالمىغان

① قولىيازمىدا مۇشۇ جايغا تۇۋەندىكى سوزلەر قوشۇلغان: "مىللى مۇناسىۋەت، سىنىپى كۈرەش، مال — مۈلۈك مۇناسىۋىتى". — تەھرىردىن

بولىدۇ، ئىشچىلار ئۇزىنىڭ پۇلىنى خالىغانچە بىر ياقلىق قىلالايدىغان بولىدۇ، بۇ — بىر ئارتۇقچىلىق.

ك. ماركس 1847 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرى يازغان
رۇسچە تەرجىمىسى 1924 ـ يىلى «سوتسىيالىستىك ئىقتىسات» ژورنىلىدا بىرىنچى قېتىم ئېلان قىلىنغان، ئەسلى نۇسخىسى 1925 ـ يىلى «ماركسىزىم بايرىقى ئاستىدا» دېگەن ژورنالدا بىرىنچى قېتىم ئېلان قىلىنغان

ئەسلىسى نېمىسچە خەنزۇچىسى «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى» رۇسچە ئىككىنچى نەشرى 6 ـ تومىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلىنغان

# ئىزاھلار

بۇ مۇقەددىمىنى ئېنگېلس ئۆزى سېلىشتۇرۇپ چىققان، ئۇنى 1891 ـ يىلى بېرلىندا نەشر قىلىنغان ك.ماركسنىڭ «ياللانما ئەمگەك ۋە كاپىتال» دېگەن كىتاپچىسىنىڭ يېڭى نەشرى ئۈچۈن يازغان. ئېنگېلس مۇقەددىمىنىڭ بېشىدا ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئەسەرنىڭ 1884 ـ يىل نەشرى ئۈچۈن يېزىپ بەرگەن سوز بېشى («ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 21 ـ توم، 204 ـ بەتكە قارالسۇن)نى تولۇغى بىلەن يەنە بىر قېتىم بايان قىلىپ ئۆتكەن. ئىشچىلار ئارىسىدا ماركسنىڭ ئىقتىسات توغرىسىدىكى تەلىماتىنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن، ئېنگېلسنىڭ مۇشۇ مۇقەددىمىسى قوشۇلغان كىتاپچە كوپلەپ بېسىلغان.

مۇقەددىمە ئىشچىلار ئارىسىدا ۋە سوتسىيالىستىك مەتبۇئاتلاردا كەڭ تارقالغان، ئۇ مۇستەقىل ماقالا شەكلىدە بېسىلغان. كىتاپچە نەشر قىلىنىشتىن ئىلگىرى، مۇقەددىمە 1891 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى «ئالغا گېزىتى» (Vorwärts)نىڭ 109 ـ سانىنىڭ قوشۇمىچە بېتىدە «ياللانما ئەمگەك ۋە كاپىتال» دېگەن ماۋزۇدا ئېلان قىلىنغان ئىدى. ئۇ يەنە ئازراق قىسقارتىلىپ 1891 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى «ئەركىنلىك گېزىتى» (Freiheit)نىڭ 22 ـ سانىغا، 1891 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئىتالىيىدە چىقىدىغان «ئىجتىمائى پىكلەر» (Critica Sociale) ژۇرنىلىنىڭ 10 ـ سانىغا، 1891 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى «سوتسىيالىستلار گېزىتى» (Socialiste)نىڭ 44 ـ سانىغا، 1892 ـ يىلى فرانسىيىدە چىقىدىغان سوتسىيالىستىك ژورنال ـــ «ئىجتىمائى مەسىلىلەر» (Question Sociale)نىڭ ماقالىلار توپلىمىغا ۋە باشقا ئورگان مەتبۇئاتلىرىغا بېسىلغان.

ماركسنىڭ بۇ ئەسىرى كېيىن 1891-يىل نەشرىدىگە ئاساسەن كۆپلىگەن چەتئەل تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان، مۇشۇ نەشرلىرىنىڭ ھەممىسىگە مۇشۇ مۇقەددىمە كىرگۈزۈلگەن. — 1-بەت.

2 گېرمانىيە ئىشچىلار جەمئىيىتى ماركس بىلەن ئېنگېلس 1847-يىلى 8-ئاينىڭ ئاخىرىدا بىريۇسسېلدا قۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەقسىدى بېلگىيىدە مۇھاجىر بولۇپ تۇرۇۋاتقان گېرمانىيە ئىشچىلىرىغا قارىتا سىياسىي تەربىيە ئېلىپ بېرىش ۋە ئىلمىي كوممۇنىزم ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىش ئىدى. ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ سەپداشلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە، بۇ جەمئىيەت بېلگىيىدىكى گېرمانىيىلىك ئىنقىلاۋىي پۇرولېتارلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان قانۇنىي مەركەز بولغان، ھەم فىلاماند ۋە ۋاللون ئىشچىلار كۇلۇبى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەت ئورناتقان. بۇ جەمئىيەتتىكى مۇنەۋۋەر كىشىلەر كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ بىريۇسسېل جىزبۇسىغا كىرگەن. 1848-يىلى فرانسىيە بۇرژۇئا فېۋرال ئىنقىلاۋىدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي، بۇ جەمئىيەتنىڭ ئەزالىرى بېلگىيە ساقچى دائىرىلىرى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغان ۋە چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان بولغاچقا، جەمئىيەت بىريۇسسېلدىكى پائالىيىتىنى توختاتقان. — 1-بەت.

3 1849-يىلى چار پادىشا ئارمىيىسىنىڭ ۋېنگرىيە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىنى باستۇرۇش ۋە ئاۋستىرىيە ھاپسبۇرگ سۇلالىسىنىڭ ھوكۇمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ۋېنگرىيىگە يۈرگۈزگەن قوراللىق مۇداخىلىسى؛ شۇنىڭدەك فرانكفۇرت گومىن يىغىنى 1849-يىل 3-ئاينىڭ 28-كۈنى ماقۇللىغان دىگو ئاساسىي قانۇنىنى قوغداش ئۈچۈن كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭلار (بۇ قوزغىلاڭلار گېرمانىيىنىڭ 1848—1849-يىللاردىكى بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى) كوزدە تۇتۇلىدۇ. گېرمانىيە شىتات ھوكۇمەتلىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئاساسىي قانۇننى ئېتىراپ قىلىشنى رەت قىلغان. — 1-بەت.

4 «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 13-توم، 15—41-بەتلىرىگە ۋە «كاپىتال»، بىرىنچى توم، 1-باپقا قارالسۇن. — 6-بەت.

5 «كاپىتال»، 1-توم، 17-باپقا قارالسۇن. — 11-بەت.

6 ئېنگېلس 1891-يىل "1-ماي"نى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنى كۆزدە تۇتىدۇ. بەزى دۆلەتلەر (ئەنگلىيە، گېرمانىيە)دە، "1-ماي" بايرىمى 5-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن كېيىنكى بىرىنچى يەكشەنبە كۈنى تەبرىكلىنەتتى، 1891-يىلى 5-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن كېيىنكى بىرىنچى يەكشەنبە كۈنى 5-ئاينىڭ 3-كۈنىگە توغرا كەلگەن ئىدى. ئەنگلىيە، ئاۋستىرىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە، ئىتالىيە، روسىيە ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ كۆپلىگەن شەھەرلىرىدىكى ئىشچىلار 1891-يىلى "1-ماي" خاتىرە كۈنى يىغىلىش ۋە نامايىشلار ئۆتكۈزگەن ئىدى. — 17-بەت.

7 «ياللانما ئەمگەك ۋە كاپىتال»نى ماركس ئۆزىنىڭ 1847-يىل 12-ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدا بىريۇسسېل گېرمانىيە ئىشچىلار جەمئىيىتىدە سۆزلىگەن نۇتۇقلىرىغا ئاساسەن يازغان. ج. ۋېيدېمېيېر كوچۇرگەن، «ئىش ھەققى» دېگەن ماۋزۇدىكى قوليازما ساقلاپ قېلىنغان، بۇ قوليازما «يېڭى رېين گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان مەزكۇر ئەسەر بىلەن پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئوخشاش. ماركس بۇ ئەسىرىنى 1848-يىلىنىڭ بېشىدا بىريۇسسېلدا ئېلان قىلماقچى بولغان ئىدى. ئەمما، ماركس بېلگىيىدىن قوغلاپ چىقىرىلغانلىقى سەۋەبىدىن نەشر قىلىنماي قالغان ئىدى.

بۇ ئەسەر «يېڭى رېين گېزىتى»نىڭ باشماقالىسى شەكلى بىلەن 1849-يىل 4-ئاينىڭ 5—8-كۈنلىرى ۋە 11-كۈنى «ياللانما ئەمگەك ۋە كاپىتال» دېگەن ماۋزۇدا بىرىنچى قېتىم ئېلان قىلىنغان ئىدى. ماركس ۋاقتىنچە كېلۇلىدىن كېتىپ قالغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېيىن گېرمانىيىدە سىياسى ۋەزىيەت تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكى ۋە «يېڭى رېين گېزىتى» چىقىشتىن توختاپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن، بۇ ماقالىلارنىڭ بېسىلىشى يېرىم يولدا توختاپ قالغان ئىدى.

«ياللانما ئەمگەك ۋە كاپىتال»نىڭ بىرىنچى قېتىم ئېلان قىلىنىشى ئىلمىي كوممۇنىزىم ئىدىيىسىنىڭ گېرمانىيە ئىشچىلىرى ئارىسىدا تارقىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. مەسىلەن، كېيىن ئىشچىلار بىرلەشمە ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ قارارىغا بىنائەن، ماركسنىڭ بۇ ماقالىلىرى كېيىنكى ۋە باشقا شەھەردىكى ئىشچىلار بىرلەشمىلىرىنىڭ مۇزاكىرە قىلىشىغا تونۇشتۇرۇلغان ئىدى.

«يېڭى رېين گېزىتى» چىقىشتىن توختىغاندىن كېيىن، ماركس «ياللانما ئەمگەك ۋە كاپىتال»نىڭ كىتابچىسىنى نەشر قىلدۇرماقچى بولغان ئىدى، لېكىن ماركس بۇ ئويىنى شەخسەن ئۆزى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولالمىدى. بۇ ئەسەرنىڭ كىتابچىسى 1880-يىلى براسلودا بىرىنچى قېتىم نەشر قىلىندى، ماركس بۇ ئىشقا قاتنىشالمىدى. 1881-يىلى يەنە شۇ يەردە قايتا نەشر قىلىندى. ئېنگېلسنىڭ قاتنىشىشى بىلەن، بۇ ئەسەر 1884-يىلى يەنە خوتتىنگېن-سيۇرىختا نەشر قىلىندى ھەمدە مۇشۇ كىتابچىنىڭ ئېلان قىلىنىش جەريانى ھەققىدە ئېنگېلس يازغان بىر پارچە قىسقىچە كىرىش سوز قوشۇمچە قىلىنغان ئىدى. 1891-يىلى، ئىشچىلار ئارىسىدا تەشۋىق قىلىش مەقسىدىدە، بۇ كىتابچىنىڭ يەنە بىر يېڭى نۇسخىسى نەشر قىلىندى، ئېنگېلس بۇنى سېلىشتۇرۇپ چىقتى ۋە ئۇنىڭغا مۇقەددىمە يازدى.

ھازىر ئېلان قىلىنغان «ياللانما ئەمگەك ۋە كاپىتال» يەنىلا تولۇق ئەمەس. ماركس 1847-يىل 12-ئايدا يازغان «ئىش ھەققى»نىڭ قوليازمىسى (مۇشۇ كىتابنىڭ قوشۇمچىسىغا قارالسۇن)نى تېكستنىڭ قىسمەن قوشۇمچىسى قىلىشقا بولىدۇ.

ئېنگېلسنىڭ كىتابچىغا 1891-يىلى كىرگۈزگەن موھىم تۈزىتىشلىرىنىڭ ھەممىسىگە بەت ئاستى ئىزاھىدا ئىزاھ بېرىلدى. بۇ ئەسەرنىڭ باپ-بۆلۈملىرى «يېڭى رېين گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان پېتىچە ئايرىلدى. — 19-بەت.

8 «ئىش ھەققى» ك. ماركسنىڭ قوليازمىسى ئىدى، بۇ قوليازما

ماركسنىڭ يېزىپ بولمىغان ئەسىرى — «ياللانما ئەمگەك ۋە كاپىتال» بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇمۇ مۇشۇ ئەسەرنىڭ قوشۇمچىسى.

«ئىش ھەققى» دېگەن بۇ قوليازما بۇرۇن گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ داڭئەن ئىسكىلاتىدا ساقلانغان بولۇپ، 1924 - يىلىغا كەلگەندىلا، «سوتسىيالىستىك ئىقتىسات» ژورنىلىدا رۇس تىلىدا بىرىنچى قېتىم ئېلان قىلىنىغان ئىدى، 1925 - يىلى ئەسلى نۇسخىسى بويىچە «ماركسىزم بايرىقى ئاستىدا» («Unter dem Banner des Marxismus») ژورنىلىدا ئېلان قىلىندى. تېپىلغان قوليازمىنىڭ مۇقاۋىسىغا يېزىلغان ("1847 - يىل 12 - ئاي، بىريۇسسېل") دېگەن سۆزگە، "بايان قىلىندى" دەپ ئىزاھ بېرىلگەن مۇشۇ بىر جۈملە قىسقىچە بايانغا ھەم قوليازمىنىڭ بايان قىلىش شەكلى ۋە مەزمۇنىنىڭ ئۆزگىچە بىنائەن: «ئىش ھەققى» ماركس 1847 - يىل 12 - ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدا بىريۇسسېل گېرمانىيە ئىشچىلار جەمئىيىتىنىڭ يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتۇقلىرىنىڭ ئاخىرقى بىر قېتىمقىسى ياكى ئاخىرقى بىرنەچچە قېتىمقىسى ئۈچۈن يازغان تەييارلىق تىكاڭى، دەپ پەرەز قىلىشقا ئاساس بار. بۇ پەرەزنى تۆۋەندىكى پاكىتلارمۇ ئىسپاتلاپ بېرىدۇ، يەنى ماركس قوليازمىنى يېزىپ بولغان چاغدا، ئۇزىنىڭ 1848 - يىل 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى بىريۇسسېل دېموكراتلار جەمئىيىتىنىڭ ئاممىۋى يىغىنىدا سۆزلەنگەن «ئەركىن سودا توغرىسىدىكى نۇتۇق» دېگەن مەشھۇر ئەسىرىنى تەييارلاشقا كىرىشكەن (ماركسنىڭ قوليازمىغا بەرگەن ئىزاھاتى بۇنى ئىسپاتلايدۇ).

«ئىش ھەققى»نىڭ قوليازمىسىدا، شۇنىڭدەك «يېڭى رېين گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان ماقالىلاردا، ئىشچى كاپىتالىستقا ئۆز ئەمگىكىنى ساتىدۇ دېيىلگەن، ماركسنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردىكى ئىقتىساتقا دائىر ئەسەرلىرىدە بولسا ئەمگەك كۈچىنى ساتىدۇ دېيىلگەن. — 86 - بەت.

ئىش كۈنىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى ۋە توقۇش ئىشچىلىرىنىڭ سانى 9
توغرىسىدىكى ماتېرىياللارنى ماركس كارلىنىڭ «ئاساسىي ئىزامچىلىق

ھەركىتى» دېگەن كىتاۋىدىن ئالىنغان. بۇ كىتاپتا مۇنداق سۆزلەر بار: "500 مىڭ توقۇش ئىشچىسى دەستىگاھنىڭ تۈۋىدە ھەر كۈنى 15 سائەت ئىشلەيدۇيۇ، ئەمما دائىم ئاچ قالىدۇ".
(Th. Carlyle. «Chartism». London, 1840, p. 31) — 87 ـ بەت.

10 بۇۋرىڭنىڭ نۇتقى ۋ. ئاتكىنسوننىڭ «سىياسى ئىقتىسات پىرىنسىپلىرى» دېگەن كىتاۋىغا كىرگۈزۈلگەن، 1840 ـ يىل لوندون نەشرى، 36 — 38 ـ بەتلەر (W. Atkinson. «Principles of political Economy». London, 1840. pp. 36 — 38) — 88 ـ بەت.

11 بۇۋرىڭنىڭ توۋەن يىيۇەندە سۆزلىگەن نۇتقىدا ئېيتقان بۇ سۆزلىرىنى ماركس 1848 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى بىريۇسسېل دېموكراتلار جەمىيىتىنىڭ ئاممۇۋى يىغىنىدا سۆزلىگەن ئەركىن سودا توغرىسىدىكى نۇتقىدىمۇ نەقىل كەلتۈرگەن ئىدى («ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 4 ـ توم، 453 ـ بەتكە قاراڭسۇن). — 88 ـ بەت.

12 ماركسنىڭ كوزدە تۇتقىنى كارلىلنىڭ ئەنگلىيىنىڭ كەمبەغەللەرگە ئىجتىمائى ياردەم بېرىش قانۇنى توغرىسىدا ئېلان قىلغان تۆۋەندىكى سۆزلىرى ئىدى: "ئەگەر كەمبەغەللەر بەختسىزلەرگە ئايلاندۇرۇپ قويۇلسا، ئۇلار، مۇقەررەر ھالدا، كوپلەپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. چاشقان زىيانداشلىقىنى يوقىتىشنىڭ ئاددى چارىسى مانا مۇشۇ: ساڭلارنىڭ چوڭ ـ كىچىك تۆشۈكلىرىنى ئېتىۋېتىش، مۈشۈكنىڭ مىياڭلىشى ياكى چوچۇتۇش سىگنالىنى ئۈزۈلدۈرمەي ئاڭلىتىپ تۇرۇش، تاختا مۈشۈكنى ھەر ۋاقىت قۇرۇپ قويۇش، شۇنداق قىلغاندا سىلەرنىڭ جەمىيەتكە ئاۋارىچىلىق سالىدىغان بىر توپ يالاڭتوشۇكلارنىڭ ئىز ـ تىزى قالمايدۇ، يىلتىزى قۇرۇيدۇ. تېخىمۇ تېز بولىدىغان ئۇسۇل مەرگىمۇش ئىشلىتىش، بۇ، ئېھتىمال، تېخىمۇ ئىنسانپەرۋەرلىك ئۇسۇل بولۇپ ھېساپلىنار......" ت. كارلىل «ئاساسى نىزامچىلىق ھەركىتى»، 1840 ـ يىل لوندون نەشرى، 17 ـ بەت. (Th. Carlyle. «Chartism» London, 1840, p. 17) — 89 ـ بەت.

13 ج. ر. مكۇللوخ «سىياسى ئىقتىسات پىرىنسىپلىرى»، 1825 ـ يىل ئېدىنبۇرگ نەشرى، 319 ـ بەت (J. R. M'Culloch. «The principles of polintical Economy». Edinburgh, 1825, p. 319) — 89 ـ بەت.

14 ج. ۋادې «ئوتتۇرا سىنىپ بىلەن ئىشچىلار سىنىپىنىڭ تارىخى»، 1835 ـ يىل لوندون 3 ـ نەشرى، 125 ـ بەت. (J. Wade. «History of the Middle and working Classes». 3rd. ed., London, 1835, p. 125) — 89 ـ بەت.

15 ماركسنىڭ كوزدە تۇتقىنى ج. ۋادېنىڭ ئەسىرىدىكى تۆۋەندىكى سوزلەر: "ئىشلىتىلىدىغان ئەمگەكنىڭ مىقتارى [the quantity of employment] ھەرقايسى سانائەت تارمىقىدا مۇقىم ئەمەس. ئۇ پەسىلنىڭ ئالمىشىشى، رەسىم ـ يوسۇننىڭ ئوزگىرىشى، ياكى تىجارەتنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىغا قاراپ ئوزگىرىپ تۇرىدۇ" (يۇقۇرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ج. ۋادېنىڭ ئەسىرى، 252 ـ بەتكە قارالسۇن). — 91 ـ بەت.

16 ئىشقا قاراپ بېرىلىدىغان ئىش ھەققى (يۇقۇرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ج. ۋادېنىڭ ئەسىرى، 267 ـ بەتكە قارالسۇن) كوزدە تۇتۇلىدۇ. — 92 ـ بەت.

17 باببىگ بۇنداق ئىش ھەققى توغرىسىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: "ئىشچى مەھسۇلاتقا قاراپ ئىش ھەققى ئالىدىغان ياكى مەجبۇرىيەت ئارقىسىدا خوجايىننىڭ دۇكىنىدىن نەرسە سېتىۋالىدىغانلىكى جايدا، ئىشچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، نۇرغۇن ئادالەتسىز ئىشلار بار، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئېغىر نامراتلىق پەيدا بولىدۇ." "كاساتچىلىق مەزگىللىرىدە نامدىكى ئىش ھەققىنى كېمەيتمەسلىك ئەھۋالى ئاستىدا، ئوزىنىڭ دۇكىنىدىكى شائېيىنىڭ باھاسىنى ئوستۇرۇش يولى بىلەن، ئەمەلىي بېرىلىدىغان ئىش ھەققىنى تۆۋەنلىتىدۇ. بۇنداق چارە، خوجايىنغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بەكمۇ ئازدۇرۇش كۆچىگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلىش ھەققەتەن تەس." ج. باببىگ «ماشىنا ۋە زاۋۇتنىڭ ئىقتىسادىي ماھىيىتى ھەققىدە»، 1832 ـ يىل لوندون 2 ـ نەشرى، 304 ـ بەت.

(Ch. Babbage. «On the Economy of Machinery and Manufactures». 2nd. ed., London, 1832. P. 304) — 93-بەت.

18 ئا. ئۇرې «زاۋۇت پەلسەپىسى ياكى سانائەت ئىقتىسادى»، 1836-يىل بىريۇسسېل نەشرى، 1-توم، 34—35-بەتلەر. (A. Ure. «philosophie des manufactures, ou Economie industrielle». T. I, Bruxelles, 1836. PP. 34, 35 — 93-بەت.

19 پ. روسسى «سىياسى ئىقتىسات كۇرسى»، 1843-يىل بىريۇسسېل نەشرى، 369—370-بەتلەر. (P. Rossi, «Cours d'économie Politique». Bruxelles, 1843, PP. 369, 370) — 94-بەت.

20 ئا. چېربۇلىيز «بايلار ياكى كەمبەغەللەر»، 1840-يىل پارىژ-جەنىۋە نەشرى، 103—104، 105، 109-بەتلەر. (A. Cherbuliez. «Riche ou pauvre». Paris - Genève, 1840. PP. 103-104, 105, 109) — 95-بەت.

21 ج. ف. براي «ئەمگەك مۇناسىۋىتىدىكى ئادالەتسىزلىك ۋە ئۇنى يوقىتىش چارىلىرى»، 1839-يىل لىدس نەشرى، 152—153-بەتلەر. (J. F. Bray. «Labour's Wrongs and Labour's Remedy». Leeds, 1839, PP. 152, 153) — 96-بەت.

22 16-ئىزاھقا قارالسۇن. — 102-بەت.

23 ماركسنىڭ نەقىل كەلتۈرگىنى ئۇنىڭ ئۆزى كارلىلنىڭ «ئاساسىي نىزامچىلىق ھەركىتى» دىگەن كىتاۋىدىن كۆچۈرۈۋالغان ماتېرىيال: "ئىرلاندىيىدە تەخمىنەن 7 مىليون ئىشچى ئاھالە بار بولۇپ، تۆگجى ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى بىر يىلدا 30 ھەپتە، ناچار بولسىمۇ، يېتەرلىك ياغيۇغا ئېرىشەلمىگەن". (Th. Carlyle. «Chartism». London, 1840, P. 25), — 103-بەت.

24 بۇ يەردە 1813—1815-يىللاردا گېرمانىيە خەلقىنىڭ ناپالىيوننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئۇرۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. — 104-بەت.

本书根据中共中央马克思、恩格斯、列宁、斯大林著作编译局翻译的，人民出版社1972年2月出版的汉文版本翻译出版。

بۇ كىتاب جۇڭگۇڭ جۇڭياڭنىڭ ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن ئەسەرلىرى تەھرىر-تەرجىمە ئىدارىسى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان، خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1972-يىل 2-ئايدا نەشر قىلىنغان خەنزۇچە نۇسخىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

ماركس

**ياللانما ئەمگەك ۋە كاپىتال**

**مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى**

**شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ**

1975-يىل 7-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى

1975-يىل 7-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى

باھاسى: 0.19 يۈەن

**KARL MARX**

**LOHNARBEIT UND KAPITAL**

**马克思**

**雇佣劳动与资本**

（维吾尔文）

民族出版社翻译出版　新华书店发行
民族印刷厂印刷

开本：850×1168毫米1/32　印张：4 1/2
1975年7月第1版
1975年7月北京第1次印刷
书号：M1049(4)197　定价：0.19元

书号M1049(4)197
定价　　0.19元